ئابدۇسەمەت خېلىل



# كۆز تەگمىسۇن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇسەمەت خېلىل

# كۆز تەگمىسۇن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر

# كۆز تەگمىسۇن

(شېئىرلار)

ئاپتورى: ئابدۇسەمەت خېلىل

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 3.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2

1995 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

1995 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1—4070

ISBN7—5373—0500—5/I·124

باھاسى: 2.50 يۈەن



## بېغىشلىما

ئىجادىيەت بولسا بىر دېڭىز،
يازغانلىرىم بىر تامچە پەقەت.
خەلقىم ئۈچۈن ئىجاد قىلىمەن،
قەلىمىمنى تەۋرىتىپ ئەبەد.

يۈرىكىمدە قالغاي نە ئارمان،
ئەل قەلبىگە ياقسا ئىجادىم.
ئۆلسەم روھىم كۈلگەي-شادلانغاي،
ئوزۇق ئالسا ئۇندىن ئەۋلادىم.

# نەشرىياتتىن

ئابدۇسەمەت خېلىل 1937 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شەيخباغ يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن؛ 1945 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە دىنىي ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغان؛ 1954 - يىلى يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ 1960 - يىلى «يەكەن گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، مۇخبىر - تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن؛ 1980 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئاخبارات خادىمى. ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

شائىر 1952 - يىلى «يەكەن ئاممۇۋى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «بىلىم بېغىدا» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. ئۇ شۇندىن بۇيانقى 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا خىلمۇ خىل تېمىدىكى كۆپلىگەن شېئىر - داستانلارنى يېزىپ، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان.

شائىرنىڭ بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى ھەر قايسى

نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «زەرەپشان»،
«زەرەپشان چېچەكلىرى»، «ھايات ئىلھاملىرى» (باش-
قىلار بىلەن)، «ھايات سۆيگۈسى»، «سىرلىق مۇھەب-
بەت»، «رۇبائىيلار» قاتارلىق توپلاملار ئارقىلىق جا-
مائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىدىن باشقا،
بىر قىسىم شېئىرلىرى «ئۆكتەبىر گۈللىرى»، «باھار
چېچەكلىرى»، «باھار جىلۋىسى»، «قەشقەر ناۋاسى»،
«توي چاچقۇسى»، «قۇتلۇق ئىز»، «يېڭى رۇبائىيلار»،
«ياپراقتىكى نەقىشلەر» «ئاھ، يۇلتۇزلار»، «مۇھەب-
بەت لىرىكىلىرى»، «ئارزۇ بوستانى»، «مۇكاپاتلانغان
شېئىرلاردىن تاللانما». «قامچا» قاتارلىق كوللېكتىپ
توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. نۆۋەتتىكى بۇ توپلام شا-
ئىرنىڭ يەتتىنچى توپلىمى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇسەمەت خېلىل ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق
مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ
يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى؛ قەشقەر
ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىي ھەي-
ئەت ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


ۋەتەنگە مۇھەببەت ........ 1

ساداقەت ........ 1

ياشلىق ........ 2

بىر نامەردنىڭ ئىقرارى ........ 3

ھەجۋىي شېئىر يازسام ........ 4

جاپانىڭ كەينىدە راھەت ........ 6

بەختى كۈلگەن گۈل يېزام ........ 6

قالىمىدى ........ 9

ئاتا ئۆمىدى ........ 9

ۋەتەنگە ........ 11

چىن دوست دېگەن ........ 12

مۇھەررىرنىڭ خىسلىتى ........ 13

ئاچكۆز ........ 14

ئىتتىپاقلىق كۈيى ........ 14

ئانا تۇپراق ........ 15

يېشىل ياپراق ........ 17

مۇخبىر ........ 18

ئايلىنىمەن پەرۋانە كەبى ........ 19

شۇنداقىمدۇ تەقدىرى ........ 20

باغۋەن شەنىگە ........ 20

نەسىھەت .................................... 22

ئۆچمەيدۇ ئىزىڭ .................................... 23

جەڭچى ئوغلۇمغا .................................... 24

ئۆزگىرىپ كەتكەن باشلىق .................................... 25

تۆھمەتچى .................................... 29

قەشقەر قىزى .................................... 30

ساڭا قەنت چاي تۇتار يارىڭ .................................... 31

ئىجاد ئىشقى .................................... 32

مۇغەمبەر «ياۋاش» .................................... 33

مىراس .................................... 35

گۈلزارىم ۋەتەن .................................... 35

ئۆچمەس مەشئەل .................................... 36

يولدا .................................... 38

ھايات شامىم سەن ئۈچۈن كۆيەر .................................... 38

ئىككىمىز .................................... 39

ئەيىبسىز دوست ئىزدىسەڭ .................................... 40

ئانا يۇرت مۇھەببىتى .................................... 41

مۇقام شادلىقى .................................... 44

ياشايدۇ ئۇزاق .................................... 47

ئۆتتۈنەي ساڭا .................................... 48

چايدان ۋە پىيالە .................................... 49

سۈيقەستچى .................................... 49

ئىناق بولماي سائادەت يوق .................................... 49

جېنىم ئانا، نەگە كەتتىڭىز .................................... 50

باھار ئىلھامى .................................... 51

شائىر روھى ئەلنىڭ قەلبىدە .................................... 52

ئېرىشەرسەن قانچىلىك نەپكە .......... 53
توزۇماس گۈل ئاچتى چېچەك .......... 54
توختىتالمايمەن قەلەمنى ھەرگىز .......... 55
ئەل ئىشقىدا .......... 56
..گە .......... 57
مەيلىمۇ .......... 59
توزۇماس چېچەكلەر .......... 60
كۆز تەگمىسۇن .......... 63
مۇھەببىتىڭ راست بولسا ئەگەر .......... 64
ئۆتەرمەنمۇ ئالەمدىن شۇنداق .......... 65
سەھرا ئوغلىمەن .......... 66
بىلگىنىڭدىن بىلمىگىنىڭ كۆپ .......... 67
دوستۇمغا جاۋاب .......... 68
«قەشقەر گۈلزارى»غا .......... 68
پاكلىق .......... 70
يىلدا ئەمەس، ئۆزۈمدە ئەيىب .......... 71
ياشىيالمايمەن جاھاندا سەنسىز .......... 72
قارىغاينىڭ خىسلىتى .......... 73
دوختۇر دېگەن سەندەك بولسا .......... 74
كۈلكە ۋە يىغا .......... 74
ئادەممۇ شەيتان .......... 75
كەتتىمىڭ .......... 76
ھايات قەدرى .......... 77
قىيان .......... 78
بىر مۇھاجىرنىڭ كۆز يېشى .......... 79

زەرەپشان سۆيگۈسى ........................ 81
بىر باشلىغقا تېز سىزما ........................ 82
بىر يىگىتنىڭ ھەسرىتى ........................ 83
يۈرەك ........................ 86
چىن دوستلۇق ........................ 86
تۆرلە، چاربباغ ........................ 87
سەن يەكەننىڭ بىر ياقۇت كۆزى ........................ 88
رۇبائىيلار ۋە پارچىلار ........................ 90

## ۋەتەنگە مۇھەببەت

يۈرەك ناخشامدا كۈيلەيمەن ۋەتەننى- ئىپتىخارىمنى،
باھارىنىڭ پەيزىگە چۆمگەن مۇقەددەس گۈل دىيارىمنى.

ئۇنىڭ مېھرى تولۇپ ئاقتى تومۇرۇمدا گويا قاندەك،
ئۇرغۇتۇپ تەن-ۋۇجۇدۇمدا ھېسابسىز كۈچ-مادارىمنى.

ئۇنىڭ ھەر تال گىياھىسىغا چىگىلگەن چىن يۈرەك رىشتىم،
كۆزۈم قارىچۇقىدەك ئاسراپ ئۆتەرمەن بۇ نىگارىمنى.

مېنى ئۇ بۇيرۇسا نەگە شۇ يەردە مېۋە بەرگەيمەن،
مۇشەققەتكە بويۇن ئەگمەي ئۇرۇنلاپ دىل قارارىمنى.

يېلىنجاپ ھەرقاچان ئۆچمەس يۈرەكتە گۈلدىيار ئىشقى،
ئېزىتقۇ ياندۇرالمايدۇ ئۇنىڭدىن ئىختىيارىمنى.

1988 - يىل، يانۋار.

## ساداقەت

يولۇڭغا قاراپ تەلمۈردۈم نىگارە،
گۈزەل ۋەسلىڭگە بولۇپ ئىنتىزارە.

تارتسامۇ جاپا كەچمەيمەن سەندىن،
قىلىمەن مەڭگۈ ساڭا جان نىسار.

پەرۋانە بولدۇم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
ئىشەنگىن ماڭا بۇ يۈرەك سۆزۈم.
گەر دىدارىڭغا يېتەلمەي ئۆلسەم،
كېتەرمەن داغدا يۇمۇلماي كۆزۈم.

ۋىجدان يولىدا ئۆلۈشكە رازى،
دىلىمدا ساڭا بولغاچ ساداقەت.
قۇتقازغىن تېزراق ھىجران دەردىدىن،
مەندە قىلچىلىك قالمىدى تاقەت.

1988 - يىل، فېۋرال.

## ياشلىق

ئىنسان ئۆمرىنىڭ باھارى ياشلىق،
كېتىپ قالار ئۇ تۇرالماي ئۇزاق.
قىراۋ قونىدۇ چېچىڭغا ھامان،
قانۇنىيەت بۇ ئەزەلدىن شۇنداق.

كىمكى ياشلىقتا ئۆگەنسە بىلىم،
قالار دىلدا ئۇ مۆھۈر باسقاندەك
(نۇرلىنار ئادەم قەلبى بىلىمدىن،
قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغ ياققاندەك).



ئۆگەن، ياش دوستۇم، ئىجتىھات بىلەن،
بىكار ئۆتكۈزمەي غۇنچە چېغىڭنى.
تولدۇر ئىلىم - پەن، ئېسىل خىسلەتنىڭ
قىزىلگۈلىگە ھايات بېغىڭنى.

1988 - يىل، مارت.

## بىر نامەردنىڭ ئىقرارى

ئەل - جامائەت كۆرگەندە مېنى،
پىچىرلىشىپ «نامەرد» دېيىشەر.
سورۇنلاردا قىزىغان پاراڭ.
مەن كەلگەندە جىمىپلا كېتەر.
قورسىقىمدا «ھۈنىرىم» تولا،
نەگە بارسام تېنەپ قالمايمەن.
باش ئېگىمەن ياماننى كۆرسەم،
ياۋاشلارنى كۆزگە ئىلمايمەن.
تۇز سەپسە كىم يارامغا مېنىڭ،
چاۋىسىنى يايمەن چىتقا.
بىھاجەتتۇر مېنىڭدىن رەنجىش،
خۇيۇم خۇددى ئوخشايدۇ ئىتقا.
تۇزكورلۇقۇم ھەممىگە ئايان،
چاقىمەن ئاش بەرگەن قازاننى.
كەلتۈرىمەن ۋاپاغا جاپا،
نەپ ئۈچۈنلا سېتىپ ۋىجداننى.

مېنىڭ ئاشۇ نائەھلىلىكىم
سىڭىپ كەتكەن قېنىمغا شۇنداق.
ماڭىلا خاس خالايىق بەرگەن
«نامەرد» دېگەن بۇ ئۇنۋان ـ ئاتاق.

1988 - يىل، مارت.

## ھەجۋىي شېئىر يازسام...

ھەجۋىي شېئىر يازسام گېزىتكە،
ئېلىۋالدىڭ ئۇنى ئۆزۈڭگە.
گۇناھ بولۇپ خالىس نىيىتىم،
سەت كۆرۈنۈپ قالدىم كۆزۈڭگە.

يازغان ئىدىم ئىللەتنى قارغاپ،
نىچۈن ساڭا تەسىر قىلدى تېز؟
بىلدىڭ ئۇنى، بىچارە باشلىق،
يۈرىكىڭگە قادالغان بىگىز...

ھاجەت بىلەن بارسام قېشىڭغا،
ھەل قىلمىدىڭ كۆرسىتىپ سەۋەب،
ئاسان ئىشىمۇ تەسكە ئايلاندى،
سەن بىلمىدىڭ ساقلىسام ئەدەپ.

بارماي دېسەم قېشىڭغا تېخى،
سەن شۇ ئىشقا چېتىقلىق ھامان.



سۆزۈمگە ھېچ قۇلاق سالمىدىڭ،
ھەقىقەتنى كۆردۈڭسەن يامان.

ئۆزۈڭنى بەك كۆرسىتىپ «ئادىل»
ئۆچ ئالمايمەن، دېسەڭمۇ. جەزمەن؛
تەتۈر قاراپ ماڭا دائىما،
زەربە بەردىڭ سەن بولۇپ خۇپسەن.

مېنى ئەجەب قىلدىڭ سەن بىزار،
باشتا قىلغان ۋەدىدىن تېنىپ.
ئېيتتىم شۇڭا: «ساڭا مىڭ لەنەت!»
غەزەپ ئوتى يۈرەكتە يېنىپ.

يامان ئىشنى كۆرگەن چېغىمدا
قالمايدۇ ھېچ تاقىتىم مېنىڭ.
ھەجۋىي شېئىر يېزىپ قامچىلاش
ئەل ياقتۇرغان ئادىتىم مېنىڭ.

ھەجۋىي شېئىر يېزىشنى شۇڭا
باشلىدىمكى توختىتالمايمەن ھېچ.
تۈزەتمىسەڭ ئىللەتنى، باشلىق،
قامچا ئۇرۇپ ئۇخلاتمايمەن تىنچ.

1988- يىل. ئاپرېل.

## جاپاننىڭ كەينىدە راھەت

يىگىت بولساڭ جاپانى يەڭ،
جاپانىڭ كەينىدە راھەت.
ئۇنى يەڭمەي تۇرۇپ زىنھار
قۇچاق ئاچماس بەخت ـ ئامەت

ئۆمۈر مەناسىنى بىلگەن،
تېرىدىن چۆلنى باغ قىلغاي.
ئېتىزلاردىن ئېلىپ گۆھەر،
ئۇنى خاماندا تاغ قىلغاي.

يېتەر كۈتكەن مۇرادىغا،
كىمىكى سۆيسە مېھنەتنى.
كېيەر بېشىغا ھۆرمەتتىن
ئۆمۈرلۈك تاجۇ ـ دۆلەتنى.

1988- يىل، ماي.

## بەختى كۈلگەن گۈل يېزام

جامالىڭنى كۆرۈپ، گۈل يېزام،
يۈرىكىمگە تولدى ھاياجان.
سەندىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى
كۈيلىرىمدە قىلاي نامايان.



ئون يىل بۇرۇن كەلگەن چېغىمدا،
كۆرۈنگەنتىڭ كۆزۈمگە «دوزاخ»؛
گۈزەللىكتىن نەدە نىشانە.
غۇربەتچىلىك قۇچقان ھەممە ياق.

جۇت قاپلىغاچ ئۇچاغ بېغىڭنى،
بۇلبۇللىرىڭ ھەسرەت چېكىشكەن.
قونۇش ئۈچۈن دەرەخ تاپالماي،
قۇشلار رەنجىپ كۆچۈپ كېتىشكەن.

چەقسا بوران قۇملار يۆتكىلىپ،
ئېتىزىڭنى قىلاتتى ۋەيران.
تىنىپ كەتكەچ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر
ئاقالمىغان سۇلارمۇ راۋان.

قۇم كەلكۈنى كەلتۈرۈپ ئاپەت،
دېھقانلىرىڭ قايغۇغا پاتقان.
دان ئالالماي تاغار تولغۇدەك،
نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتقان.

ئىللىق باھار نۇرىدا يۇرتۇم،
بەختىڭ كۈلۈپ ئېچىپسەن چىراي.
جەننەت كەبى گۈزەل ھۆسنىڭدىن،
خىجىل بولار قۇياش بىلەن ئاي.

ئۇشچانلىرىڭ تۆككەن تەر بىلەن،
يارىلىپتۇ يېڭى مەنزىرە.
يارىلىپتۇ كۆز چاقناتقۇدەك،
قۇچىقىڭدا سانسىز مۆجىزە.

ئورمانلىرىڭ كۆككە بوي سوزۇپ،
بەرپا بوپتۇ بىر يېشىل سېپىل.
ئايلىنىپتۇ قۇملۇقلار باغقا،
مېۋىلىرى شۇنچىلىك ئېسىل.

سالالىشىپ ئېتىز - قىرلىرىڭ،
ياسىلىپتۇ يوللار تۈز - ئۇدۇل.
قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ تاغدەك،
خامىنىڭدا چەشلىنىپ ھوسۇل.

بولىقىڭدىن كەۋسەرگە قېنىپ،
جىلۋە قىپتۇ ھەر گىياھ - ھەرگۈل.
قېتىپ سېنى كۈيگە - قوشاققا،
باغلىرىڭدا سايراپتۇ بۇلبۇل.

ئېرىقىڭدا ئېقىپتۇ سۇلار،
مەرۋايىتتەك چاچرىتىپ ئۈنچە.
ئوتقاش كەبى گۈل - چېچەكلىرىڭ،
ساڭا زىننەت قوشۇپتۇ شۇنچە.



مەپتۇن بولۇپ گۈزەللىكىڭگە،
كەتكۈم كەلمەي كۆز تىكىپ قالدىم.
قەلبىمنى مەن قىلىپ ئاپپارات،
يېزام سېنى سۈرەتكە ئالدىم.

1988- يىل، ئىيۇن.

## قالمىدى

«ئاھ» ئۇرۇپ ئىشقىڭدا، يار، تەندە مادارىم قالمىدى،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ، گۈلگۈن چىرايىم قالمىدى.

بىر بېقىپ جادۇ كۆزۈڭدە دىلنى تەسلىم ئەيلىدىڭ،
پۇرقىتىڭدە چەكمىگەن دەردۇ - پىغانىم قالمىدى.

مۇنچە قىينالماس ئىدىم سۆيمەك سېنى بولسا نېسىپ،
ئىلتىپات ئەيلە ماڭا، چىدىشقا ھالىم قالمىدى.

يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ سالدىم پاياندار، ئەي نىگار،
كەل سەنەمدەك ناز بىلەن ھېچ ئىنتىزارىم قالمىدى.

1988- يىل، ئاۋغۇست.

## ئاتا ئۈمىدى

ئوغلۇم، سېنى خۇددى كۆچەتتەك
پەرۋىش قىلىپ قوشتۇم قاتارغا.

ياشلىق چېغىڭ ئالتۇندىن قىممەت،
ئۆتكۈزمىگىن ئۇنى بىكارغا.

ئاتاڭنىڭ بۇ سېنىڭدىن كۈتكەن
ئۈمىدىنى كۆڭلۈڭگە پۈككىن.
ئۈلگە قىلىپ ئەجدادلىرىڭنى،
ۋەتەن ئۈچۈن تەرىڭنى تۆككىن.

كۈرەشچان بول، مۈشكۈل ئالدىدا—
قورقۇپ، ۋايساپ قىلمىغىن نالە.
ئايلاندۇرغىن چۆللەرنى باغقا،
ئېچىلدۇرۇپ ئەجرىڭدىن لالە.

ئوخشاش بولسۇن تىل بىلەن دىلىڭ،
چېچەكلەتكىن ئېسىل خىسلەتنى.
ئەدەب-ئەخلاق يار بولسۇن ساڭا،
يۇقتۇرمىغىن ئەسكى ئىللەتنى.

ئېزىتقۇلار ئىشلەتسە ھىيلە،
ھوشيار بولغىن، چۈشمە دامىغا.
داغ تەگكۈزمە ئۆمرۈڭدە ھەرگىز
ۋەتىنىڭنىڭ ئىپتىخارىغا.

ئالقىش - ھۆرمەت ياغار شەنىڭگە،
بېغىشلىساڭ ئەلگە قەلبىڭنى.



نامىڭ ئەسلا ئۆچمىسۇن دېسەڭ،
تۆھپەڭ بىلەن خۇش قىل خەلقىڭنى.

1988- يىل، سېنتەبىر.

## ۋەتەنگە

مېھرى ئىللىق باھارىم ۋەتەن،
سۆيگۈنۈمسەن نىگارىم ۋەتەن.
پەرۋانەڭمەن ئىشقىڭدا كۆيگەن،
تېنىمگە كۈچ، مادارىم ۋەتەن.

تىلغا ئالسام قۇتلۇق نامىڭنى،
ھۆرمىتىڭدىن سۆيۈنەر جېنىم،
دىل شاتلىقىم تېشىپ بۇلاقتەك،
تومۇرۇمدا جۇش ئۇرار قېنىم.

ئالەمدە يوق سەندەك گۈزەل جاي،
سەندىن خىجىل قۇياش بىلەن ئاي.
جەننەت كەبى تۇيۇلار ماڭا
بېغىڭ تۈگۈل سەندىكى چۆل، ساي.

باغلاندى چىڭ ساڭا دىل رىشتەم،
سەن ئۈچۈن ئوت - يالقۇندۇر ئىشقىم.
شەپقىتىڭدىن ئېلىپ كۈچ - قۇۋۋەت،
گاڭ - پولاتقا ئايلاندى جىسمىم.

بەختلىك مەن سەندە ۋەتىنىم،
نىمىتىڭ كۆپ، قوينۇڭ بولغاچ كەڭ.
ھاياتىمنى - ئۆمرۈمنى ئاتاپ،
گۈللەي سېنى قىلىپ كۈرەش - جەڭ.

قارارىم شۇ دىلدىكى مېنىڭ،
جەزمەن رازى قىلىمەن سېنى.
ئۆز بۇرچۇمنى قىلمىسام ئادا،
سەنمۇ ئوغلۇم دېمىگىن مېنى.

1988 - يىل، ئۆكتەبىر.

## چىن دوست دېگەن...

چىن دوست دېگەن كۈن چۈشكەندە بېشىڭغا،
ھازىر بولۇر شۇدەم چوقۇم قېشىڭغا.
دەرمان بولۇپ ھەرقاچان ئۇ دەردىڭگە،
توپا سالماس ھەرگىز سېنىڭ ئىشىڭغا.

چىن دوست دېگەن جان - دىلىدىن كۆيۈنەر،
شەرەپ قۇچساڭ پەخىرلىنەر، سۆيۈنەر.
گېزى كەلسە ئۆزى تارتىپ جاپانى،
ساڭا راھەت - پاراغەتنى ئۆتۈنەر.

چىن دوست دېگەن يامان يولغا باشلىماس،
قىلىپ ساختا كۆزلىرىڭنى ياشلىماس.



يولۇقسىمۇ پالاكەتكە مۇبادا،
ئۆزىنى دەپ سېنى ئوتقا تاشلىماس.

چىن دوست دېگەن ساداقەتمەن، ياخشى ئەڭ،
دوستقا ئۇنىڭ دەريا كەبى كۆڭلى كەڭ.
شاھلىق تاجى كىيگەندىمۇ بېشىغا،
سېنى دائىم ئۆزى بىلەن كۆرەر تەڭ.

چىن دوستلۇقنى قاتسام ناخشا - كۈيۈمگە،
شۇ كۈي ئارام بەخش ئېتەر كۆڭلۈمگە.
خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە تاقىشار،
كېلىپ تۇرسا ياخشى دوستلار ئۆيۈمگە.

1988 - يىل. نويابىر.

## مۇھەررىرنىڭ خىسلىتى

مۇھەررىرنىڭ قولىدىن چىقار،
تەھرىرلىنىپ ھېكايە، شېئىر...
تۈزىتەر ئۇ نۇقسانلىرىنى.
ھەر بىر قۇرغا سىڭدۈرۈپ ئەجىر.

سۆز كانىدىن جاۋاھىرلارنى
ئاپتورلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەر.
ئۇنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىدىن
قەلەمكەشلەر دىلى سۆيۈنەر.

مۇھەررىرنىڭ خالىس ئىش بىلەن
ئۆتەر شۇنداق ھاياتى - ئۆمرى.
چېچەكلىكى ئاقنىڭ سىرى شۇ،
بىراق. دائىم ياش تۇرار كۆڭلى.

1988 - يىل، نويابىر.

## ئاچكۆز

ھەممىسى مېنىڭ بولسىكەن دەيدۇ،
يانچۇقۇمغا پۇل تولسىكەن دەيدۇ.
ئالەمدە پەقەت ئۆزۈملا ياشاپ،
باشقىلار تامام ئۆلسىكەن دەيدۇ.

1989 - يىل، فېۋرال.

## ئىتتىپاقلىق كۈيى

ۋەتەن گويا بولسا بىر دەرەخ،
ياپرىقى بىز ئۇنىڭ ھەر مىللەت.
باغلانغان چىڭ دوستلۇق رىشتىمىز،
ئۈزۈلمەيدۇ ئەبەدىلئەبەد.

جىمى مىللەت بولدۇق بىر گەۋدە،
روناق تاپتى بۇ گۈزەل ھايات.
بۇ دوستلۇقنى چىڭىتقان تارىخ،
بار بۇ ھەقتە پولاتتەك ئىسپات.



بولغاچ بىزدە بۇزۇلماس بىرلىك،
ئېچىلدۇردۇق دوستلۇق گۈلىنى.
چىڭىتتۇق بىز بوران - چاپقۇندا،
بەختىمىزنىڭ ئالتۇن ئۇلىنى.

ئىتتىپاقلىق بولدى بىزگە كۈچ،
توسقۇن يېرىپ ئاشتۇق تاغ - داۋان.
ئىزىمىزدىن ئۈندى گۈل - چېچەك،
پەرۋاز قىلدۇق شۇڭقاردەك ھامان.

ئىلگىرىلەتتۇق تارىخ چاقىنى،
مۇرنى بىز تىرەپ مۇرىگە.
ئەجرىمىزدىن پۇركەيمىز مەڭگۈ
ھۆر ۋەتەننى زەپەر گۈلىگە.

1989 - يىل، مارت.

## ئانا تۇپراق

ئەي قەدىردان ئانا تۇپرىقىم،
ئالتۇن زەررە ئەي پەرى سىياق.
ھەر بىر گىياھ، ھەر بىر تېشىڭغا
مەندە چەكسىز سۆيگۈ - ئىشتىياق.

مەن تۇغۇلدۇم سېنىڭ باغرىڭدا،
تاغۇ - تاشلار كىرىشتى تىلىغا.

نۇرلىرىڭدا يۇدۇق تېنىمنى،
ئۇيۇل گەۋدەڭ نۇرىنىدى دىلىغا.

چىمەنلىرىڭ پۇركەيدۇ سۆيگۈ،
مىسلى ئاتەش ھەر بىر تىنىقىم.
كۆچكە تولدۇم ئىسپار ھىدىڭدىن،
قۇياش يۇرتى ئىككى زىنىقىم.

شولا سۆيگەن ۋادىلىرىڭدا
سەپەر قىلدىم ئىشقىمنى تاۋلاپ.
ھۆسنىڭ ئۈچۈن ئاساي تىلتۇمار،
تىلسىملارنىڭ باغرىنى داغلاپ.

بىر تال دانىنى چاچتىم مەن ساڭا،
بىرى ئۈچۈن چىقتى مىڭلاپ دان.
مۆجىزىدىن تۆرەلدى ناخشا،
ناۋالاردىن ياراپ كەتتى جان.

ھېكمەتلىرىڭ ئەقلىمگە گۈل تاج
مېھرىڭ ماڭا نۇرناتتى قانات.
بەختىم مېنىڭ ئۇچار ھەر كۈنى
ئۇت تەپتىڭنى ھېس قىلسام، ھەيھات!

ئەي قەدىردان ئانا تۇپرىقىم،
ساڭا بەردىم روھىم - قېنىمنى.



ھەر زەررەڭگە سىڭدۈرۈپ چىقتىم،
كۈلۈپ تۇرغان شېرىن جېنىمنى.

قىلىمەن بۇ بۇرچۇمنى ئادا،
چانالسا مۇ تۆكمەي يېشىمنى.
ئاھ، سېنى دەپ ئۆلسەم ياتارمەن،
كۆكرىكىڭگە قويۇپ بېشىمنى...

1989 - يىل، ئاپرېل.

## يېشىل ياپراق

يېشىل ياپراق، ھەر باھاردا سەن
تەبىئەتكە بېرىسەن زىننەت.
كۆرۈنىدۇ سەن بىلەن جاھان
گويا تىلسىم، گوياكى جەننەت.

غۇر - غۇر چىققان مەيىن شامالدا
شىلدىرلىشىپ ناخشا ئېيتىسەن.
كۆيۈك بىلەن سانسىز دىللارغا،
شۇنچە ھۇزۇر بەخش ئېتىسەن.

يېشىل ياپراق، ئەي يېشىل ياپراق،
باھار، يازنىڭ گۈزەللىكى سەن.
تۆكۈلسەڭمۇ شىخىڭدىن يەنە
ئانا يەرنى ماكان ئېتىسەن.

1989 - يىل، ئاپرېل.

## مۇخبىر

مۇخبىر دېمەك سەزگۈر ۋە ھوشيار،
جەمئىيەتنىڭ قۇلىقى، كۆزى.
قەلبى ئۇنىڭ تۈگىمەس بۇلاق،
دىلغا ياقار ھەر قىلغان سۆزى.

گۈل - چېچەكتىن ھەسەل ھەرىسى
خۇددى شىرنە يىغقاندەك ھامان،
ئەلگە بېرەر مەنىۋى ئوزۇق،
ئەجرى بىلەن مۇخبىر ھەر زامان.

تۇرمۇش - دېڭىز، مۇخبىر ئۇنىڭدىن
مەرۋايىتلار سۈزگۈچى غەۋۋاس.
شۇ يولدا ئۇ تىرىشار دائىم،
شۇ يولدا ئۇ ئىزلىنىپ تالماس.

گاھى كېزەر كەڭ دالانى ئۇ،
گاھى ھالقىپ ئۆتەر داۋاندىن.
ئۇ يەتكۈزەر ئەلگە خۇش خەۋەر،
مەكتەپ زاۋۇت، ئېتىزدىن، كاندىن...

ئۇنىڭدا بار يۈكسەك ئىرادە،
ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا.



مۇخبىر يازسا ئەلنىڭ ئىشىنى،
مەن مۇخبىرنى يازماي نېمىشقا؟!

1989 - يىل، ئىيۇن.

## ئايلىنىمەن پەرۋانە كەبى

لاپ ئەمەستۇر، نىگارىم، سېنى
گۈزەللىكتە پەرىزات دېسەم.
قىلىۋالدىڭ مېنى مەھلىيا،
چىدالمايمەن بىردەم كۆرمىسەم.

يارىلىپسەن شۇ قەدەر بەرنا،
خىجىل سەندىن كۆكتە ھىلال ئاي،
ياشالمايمەن دۇنيادا سەنسىز،
بولغاچقا سەن ئۇماق، خۇش چىراي.

ئېسىۋالغىن بوينۇڭغا تۇمار،
ئەنسىرەيمەن تەگمىگەي دەپ كۆز.
ئايلىنىمەن پەرۋانە كەبى،
ئۇچراشقاندا تىلغا كەلمەس سۆز.

دىلىمدىكى ئوتلۇق تىلەكنى
دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىسەن.
بىلىپ تۇرۇپ نېچۈن، ئەي جانان،
ناز ئىلكىدە قىيچىپ يۈرىسەن.

مەجنۇن كەبى ئىشقىڭدا كۆيۈپ
يۈرمەكتىمەن كۆزۈمنى ياشلاپ.
كۆل قىلمىشقا چىدايسەن قانداق
مېنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ!
1989 - يىل، ئىيۇن.

## شۇنداقمىدۇ تەقدىرى

سۇ تەكتىگە بېلىقچى
تورنى سېلىپ ئاۋارە.
جاننى ئالدى ئالقانغا،
بېلىق دېگەن بىچارە.

قاچىمۇ گەر تۇتۇلۇش
ئىكەن ئۇنىڭ تەقدىرى.
قۇتۇلۇشقا يوقمىدۇ
بىرەر چارە — تەدبىرى.
1989 - يىل، ئىيۇن.

## باغۋەن شەنىگە

جاھاندا ئەڭ شەرەپلىكتۇر باغۋەن دېگەن نام،
قەدىرلەيدۇ ئۇنى مەڭگۈ جاماەت - ئاۋام.

ئۆز كەسپىگە باغلىغاچ ئۇ دىلدىن ئىشتىياق،
غۇنچىلارغا ئۆگىتىدۇ دائىم دەرس - ساۋاق.



باغۋەن دەيدۇ: «شەرەپ ماڭا كۆچەت ئۆستۈرسەم،
شۇ كۆچەتلەر مېۋە بەرسە بولار چوڭ تۆھپەم...»

شۇ يولدا ئۇ چەكتى جاپا، قىلمىدى نالە،
ئۇنىڭ باسقان ئىزلىرىدىن ئېچىلدى لالە.

دوسكا ئالدى بولدى ئۇنىڭ شەرەپ مۇنبىرى،
شۇ مۇنبەردىن ئۇ بىر دەممۇ كەتمىدى نېرى.

شۇ مۇنبەردە ئۆتتى ئۇنىڭ ئوتتۇز بەش يىلى،
شۇ مۇنبەردە كەتتى يايراپ يۈرىكى - دىلى.

شۇ مۇنبەردە چېچەكلەتتى ئىلمۇ ھېكمەتنى،
شۇ مۇنبەردە تاپتى بۈيۈك شانۇ شۆھرەتنى.

شۇ مۇنبەردە قوشتى ئەلگە ئۇلۇغۋار تۆھپە
(ئاچتى تارىخ بەتلىرىدە يېڭى سەھىپە).

پەن - مەرىپەت گۈلزارىدا قاقتى ئۇ قانات،
نېسىپ بولدى ئاڭا شەرەپ - مەنىلىك ھايات.

ئۇنىڭ نامى پەخىرلىكتۇر ھەر يۈرەك - دىلدا،
جاراڭلايدۇ ناخشا بولۇپ ئىش ئىزى ئىلدا.
1989 - يىل، سېنتەبىر.

## نەسىھەت

بىر كەچتە قوشنامنىڭ كىرىپ ئۆيىگە،
بىر يىگىت قولىدا كۆردۈم چىلىمنى.
بۇنىڭغا غەزىپىم قوزغالدى بىردىن،
ئېچىنىش ھېسلىرى چۇلغاپ دىلىمنى.

قارىسام قوشنامنىڭ ئوغلى ئىكەن ئۇ،
تونۇيالماي قاپتىمەن كىيىنگەچ غەيرىي.
چاچلىرى دەۋرىشتەك گەدەنگە چۈشكەن،
ئويلىدىم بۇ ئىشنىڭ نېمىدۇ سىرى.

دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ شۇئان:
«قايسى دەرد بۇ كويغا سېنى سالغاندۇ؟
سەن كىچىك تۇرۇپلا چىلىم شورىشقا،
ئېيتقىنا، نېمىلەر سەۋەب بولغاندۇ؟»

دېدى ئۇ: «دەردىم يوق مېنىڭ قىلچىلىك،
بىلسىڭىز بولدۇمەن ئاتامغا ۋارىس.
چېكىشىم تاماكا، ئىچىشىم ھاراق،
بۇ ياشلىق دەۋرانىم ئۆتمەكتە قالتىس.»

دېدىم مەن: «ئاتاڭنىڭ ۋارىسى بولساڭ،
سەن ئۇنىڭ ئەدەبلىك ئىشىنى ئۆگەن.



ئاقىۋەت پۇشايمان يىغلىتار سېنى،
بەڭباشلىق ئېتىغا سالمىساڭ يۈگەن.»

1989 - يىل، سېنتەبىر.

## ئۆچمەيدۇ ئىزىڭ

كىتابىڭنى ئالسام قولۇمغا،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — مەرد ئوغلان؛
كۈندەك چاقناپ يارقىن ئوبرازىڭ،
كۆز ئالدىمدا بولدى نامايان.
تۇغۇلدۇڭسەن ۋەتەن قوينىدا،
ساغلام، تېتىك ئۆسۈپ يېتىلدىڭ.
تاۋلىنىپ جەڭ - كۈرەش قوينىدا،
ئىنقىلابىي سەپكە قېتىلدىڭ.
دېدىڭ: «كەلمەس بەخت ئۆزىچە،
كۈرەش قىلماي، تۆلىمەي بەدەل.»
ئاشۇ روھتىن ئېلىپ كۈچ - قۇۋۋەت،
ئىنقىلابقا باغلىدىڭ چىن بەل.
يېزىپ ئەشئار جاسارەت بىلەن،
غەپلەتتىن سەن ئەلنى ئويغاتتىڭ.
لەپىلدىتىپ بىرلىك تۇغىنى،
جەڭ ئوتىنى راسا ئۇلغايتتىڭ.
يىراقلارغا تاشلىدىڭ نەزەر،
كۆز ئالدىڭدا پارلاپ كېلەچەك.
ۋەتەن ئۈچۈن باسقان ئىزىڭدىن،

ئېچىلدۇردۇڭ توزۇماس چېچەك.
تەتۈر قۇيۇن سېلىپ ۋەھىمە،
ئايلانسىمۇ بېشىڭدا دائىم؛
قەلبىڭدىن ئۇت ئاچتىڭ ياۋغا.
جۈرئەت بىلەن، يېمەستىن ۋايىم.
سەندە بولغاچ غەيرەت، ئىرادە،
مۈشكۈللەرنى يەڭدىڭ ھەر قاچان.
سېنى قىلچە قورقۇتالمىدى،
تەھدىت، قىيناش، قاراڭغۇ زىندان.
باش ئەگمىدىڭ دۈشمەنگە پەقەت،
تەگلەنسىمۇ بوينۇڭغا قىلىچ.
جان بەردىڭسەن ئەركىنلىك ئۈچۈن،
ۋە لېكىن سەن زارلانمىدىڭ ھېچ.
كېتىپ قالدىڭ ئەجەب بى مەھەل،
كۈرەش ئەھلى قېلىشتى داغدا.
ياش تۆكۈشتى سېنى تۇغقان ئەل،
بۇلبۇل ئېيتتى مەرسىيە باغدا.
باتۇرلۇقتىن تارىخ بېتىدە
قالدۇردۇڭسەن مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز.
سېنى ئەسلەر زاماندىن زامان
ۋەتەندىكى مىليون ئوغۇل - قىز.

1990 - يىل، ئىيۇل.

## جەڭچى ئوغلۇمغا

ئوغلۇم، دائىم كىچىك چېغىڭدا
جەڭچىنى دوراپ مەشق قىلاتتىڭ.



تاپانچا ئېتىپ «دۈشمەن» نى يەڭسەڭ،
ئۆزۈڭچە بەكمۇ خۇشال بولاتتىڭ.
ئۈمىد چېچىكىڭ ئېچىلدى بۈگۈن،
جەڭچى بولدۇڭسەن پەخىرلەن ئوغلان!
ئۆستۈرۈپ يۈكسەك ماھارىتىڭنى،
زەپەر كۆكىدە ئەيلىگىن جەۋلان.
ئاقلا ئوغۇللۇق بۇرچۇڭنى جەزمەن،
كۈتمەكتە سېنى شانلىق ۋەزىپە.
ئەجدادلىرىڭنىڭ بېسىپ ئىزىنى،
كۈرەش - جەڭلەردە ياراتقىن تۆھپە.
ئەلنىڭ ئىشەنچى تاغدەك يۆلەنچۈك،
ياۋدىن ھەر قاچان قوغدا ئېلىڭنى.
ۋەتەنگە ئەگەر قىلساڭ ئاسىيلىق،
ئەجەل سىرتمىقى بوغار گېلىڭنى.

1990 - يىل، ئاۋغۇست.

## ئۆزگىرىپ كەتكەن باشلىق

(ساتىرا)

سەن بىر دېھقاننىڭ پەرزەنتى ئىدىڭ،
ئۆسۈپ يېتىلىپ رەھبەر سايلاندىڭ.
خەلق، ۋەتەن بەرگەن مەرتىۋە - شاندىن
سۆيۈنۈپ دىلىڭ بەكمۇ شادلاندىڭ.

دېگەنتىڭ: كۆپكە يەتكۈزىمەن، نەپ،
بولغاچ دىلىمدا ئەلگە مۇھەببەت.
مېھنەت — ئەجرىمدىن چېچەك ئېچىلار،
قورقۇتالمايدۇ مېنى مۇشەققەت.

باشتا ۋەدەڭگە قىلدىڭسەن ئەمەل،
ئاتاندىڭ ياخشى ئىشلەپ بىر مەھەل.
ئاممىنى رازى قىلدىڭ تۆۋەندە،
چىگىش ئىشلارنى قىلىپ توغرا ھەل.

تۆھپەڭنى قىلچە قىلمىغانتىڭ پەش،
ۋە لېكىن بۇزدى سېنى تەخسكەش.
پايدا ئالدىم دەپ ئۆزگىرىپ كەتتىڭ،
بۇ ئىشىڭ قىلدى كۆڭلىمىزنى غەش.

بىزار قىلدىڭسەن خەلقنى ئۆزۈڭدىن،
ياخشىنى يىراق قوغلاپ كۆزۈڭدىن.



ئەلنى ئالدىدىڭ سېلىپ ئېمىزگە،
زېرىكتۇق بەكمۇ قۇرۇق سۆزۈڭدىن.

دەردمەن زارىغا سالمىدىڭ قۇلاق،
شۇڭا ئىشىڭدىن چىقتى كۆپ چاتاق.
«ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى مەن» دەپ،
قىلمىشلىرىڭدىن ئالمىدىڭ ساۋاق.

يۇقىرىغا سەن قىلىپ خۇشامەت،
تۆۋەنگە ئازاب سالدىڭ داۋامەت.
دېدىڭ: «مەن باشلىق، خىزمەتچى - چاكار
قىلىشى زۆرۈر ماڭا ئىتائەت.»

ياسىدىڭ كاتتا قورۇ - ئىمارەت،
تۆۋەنگە سېلىق سېلىپ كارامەت.
توشۇلدى ھەقسىز ياغاچ، خىش، سېمونت...
زورلۇق - زۇلۇمدىن بەردىڭ بېشارەت.

ئوغلۇڭنىڭ تويى بولسا تەبرىكلەپ،
شەھەر - بازاردىن ياغار سوۋغات - رەخ،
يېزىلاردىن قوي كېلەر مەرىشىپ،
ئىدارىلار پۇل يىغىپ كېلەر نەخ.

ياتساڭ «ھېرىقىپ كېسەل بوپتۇ» دەپ،
قەنت، ناۋات، ھەسەل ئېلىپ كېلىشەر.
قۇرۇق كەلگەنگە ئالىيار كۆزۈڭ،
«ئۆلگەن!...» دەپ قاغاپ، خوش دەپ كېتىشەر.

ھارامدىن بايلىق — مۈلكۈڭ كۆپەيدى،
تەخسكەش مەككار دوستۇڭ كۆپەيدى.
ساتتىڭ يۈزۈڭنى نەپسىڭنى كۆزلەپ،
يانچۇقۇڭدىكى پۇلۇڭ كۆپەيدى.

قالمىدى سەندە ئىنساب - دىيانەت،
ئەلنىڭ ھەققىگە قىلدىڭ خىيانەت.
ئىلمىدىڭ كۆزگە سەپداشلىرىڭنى،
تەكەببۇرلۇقتىن باستى پالاكەت.

ماڭا ھېچ كىشى تېگەلمەيدۇ، دەپ،
«تاك» ئېتىپ ھەرگىز چېكەلمەيدۇ، دەپ.
سىغماي تېرەڭگە يوغىناپ كەتتىڭ،
تۇلپارلار ماڭا يېتەلمەيدۇ دەپ.

ساڭا ھەر قېتىم سالغانىدا نەزەر،
نادانلىقىڭدىن ئەيلەيمەن ھەزەر.
سىڭىپ كېتەركەن يېسەڭ جىسمىڭغا،
«سوۋغات» دەپ بەرگەن بال يەڭلىغ زەھەر.

خۇدۇڭنى بىلمەي ئايلاندىڭ نەسكە،
ھوشۇڭنى تاپماي ئوخشىدىڭ مەستكە.
ئامەت قۇشلىرىڭ ئۇچقاندا باشتىن،
كۈن ئالمىقىڭ بىل چۈشىدۇ تەسكە.

ئۆزگىرىپ كەتتىڭ ئۇنتۇپ ئەسلىڭنى،
ئەلنى قاقشاتتىڭ كۆزلەپ نەپسىڭنى.



نەپرەت - لەنەتكە كۆمۈلۈپ قالدىڭ،
ئويلاپ ئىش قىلماي ئەۋلاد — نەسلىڭنى.

1990 - يىل، سېنتەبىر.

## تۆھمەتچى

ئاقنى قارا دەپ يېزىپسەن، كۆردۈم،
بىر غەيرىي سۈرەت سىزىپسەن، كۆردۈم،
ئەقلى - ھوشۇڭدىن ئېزىپسەن، كۆردۈم،
بولغاچ نىيىتىڭ يامان، تۆھمەتچى.

ساڭا ماس ئىكەن تاللىغان ھۈنەر،
يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرۈپسەن خەنجەر،
كۈلدۈڭ دوستلارغا يۈزلەنسە خەتەر،
قۇتراپ ئىچىڭدە چايان، تۆھمەتچى.

پىكىر - خىيالىڭ قۇسۇر ئىزدىمەك،
ئىشىڭ يوقتۇر ھېچ ئۇنىڭدىن بۆلەك،
باردۇر سېنىڭدە بىر قارا يۈرەك،
چاپلىدىڭ دوستقا بۆھتان، تۆھمەتچى.

بىرلىكنى بۇزۇپ تاپاي دەپ ھايان،
ئەلگە - مىللەتكە سالدىڭ كۆپ زىيان،
بولدى ھەممىگە قىلمىشىڭ ئايان،
يوقتۇر مۈككۈدەك ماكان، تۆھمەتچى.

بىلىپ قوي ئەمدى بازىرىڭ كاسات،
تارتىپ يۈرمە كۆپ پىتنە - پاسات.

ياغار يۈزۈڭگە ھەريانىدىن كاچات،
يول قويماس ساڭا دەۋران، تۆھمەتچى.

1990 - يىل، سېنتەبىر.

## قەشقەر قىزى

بويۇڭ زىلۋا، تىلىڭ چۈچۈك،
بۇلاق كەبى دىلىڭ سۈزۈك،
قولۇڭدا بار ئالتۇن ئۈزۈك،
ئايدەك خۇش خۇي قەشقەر قىزى.

چېچىڭ قۇندۇز، كۆزۈڭ خۇمار،
ياشناپ تۇرغان قەلبىڭ باھار،
ئۆستۈڭ گۈلدەك سەن بىغۇبار،
لەۋەن، خۇش بۇي قەشقەر قىزى.

مەجنۇنتالدەك نازۇك ئۆزۈڭ،
ئالما كەبى رەڭدار يۈزۈڭ،
قەنت - ناۋاتتىن شېرىن سۆزۈڭ،
گۈلدەك خۇشخۇي قەشقەر قىزى.

سەن سۆيۈملۈك، سەن بەك ئوماق،
سەندە باردۇر گۈزەل ئەخلاق،
ساڭا ئىقبال ئاچار قۇچاق،
بولۇپ ھۆر توي، قەشقەر قىزى.



گۈلزاردىكى سەن بىر غۇنچە،
لېۋىڭ گويا ياقۇت - ئۈنچە،
يارىشىپتۇ خالىڭ شۇنچە،
كۆكتە قۇرغۇي قەشقەر قىزى.

ھەربىر كۆرسەم ئويىنار يۈرەك،
دىلدارىم يوق سەندىن بۆلەك،
كۆڭلۈمگە يار ياخشى تىلەك،
باقىمنا، ھوي قەشقەر قىزى.

1990 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ساڭا قەنت چاي تۇتار يارىڭ

قاچان ئاچساڭ ھاياتقا كۆز،
شۇئان سۆيگۈ بولۇر پەيدا.
بۇ ئالەمدە ئۆتەر ئۆمرۈڭ،
گۈزەللىككە بولۇپ شەيدا.

پېشانەڭدىن تۆكۈلسە تەر،
ئېچىلسا گۈل قاقاس سايدا.
كۈلۈپ قەنت چاي تۇتار يارىڭ،
پەرىزاتتەك بولۇپ پەيدا.

1990 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ئىجاد ئىشقى

ئىلھام قىزى كۆزنى ئەكتىن ماراپ،
قىستار مېنى يېزىشقا ھەردەم.
ئوينار شوخا كۈيچى بولبۇلدەك،
قەغەز ئۈزرە يۈگۈرۈپ قەلەم.

دېدى دوستۇم: «ياشىنىپ قالدىڭ،
ئارام ئالغىن، يازماي، ئەمدى بەس!
قاچانغىچە رام قىلار سېنى،
جىم تۇرغۇزماي شۇ ئىشقى ھەۋەس.»

دېدىم: شېئىر جېنىمدۇر مېنىڭ،
شېئىر يېزىش ھەۋەستىن ئەمەس.
ئەگەر ئۇ راست ھەۋەس دېيىلسە،
بۇ ھەۋەستىن قالمىقىم بەك تەس.

ئەل ئىشقىدا تەۋرەتتىم قەلەم،
ئۆتۈپ يىللار ئاقاردى چېچىم.
مەي ھەۋەسى تۈگىگەن بىلەن،
شېئىرغا بەك كۈچەيدى ئىشقىم.

تۆھمەتلەرگە يولۇققاندىمۇ،
يېزىپ ئەشئار، تۆكمىدىم مەن ياش.



سادىق بولۇپ پاك ۋىجدانىمغا،
نامەردلەرگە ئەگمىدىم ھېچ باش.

ئەل بىلەن بىر بولغاچ تىلىكىم،
يازدىم ئويلاپ ئەل ئويلىغاننى.
تەڭلىنىسىمۇ بېشىمغا قىلىچ،
كۈيلىمىدىم ھەرگىز يالغاننى.

1990 - يىل، نويابىر.

## مۇغەممەر «ياۋاش»

زەپ مۇلايىم مۆمىنجان،
«ياۋاش» دەيدۇ كۆرگەنلەر.
يىراق قاچار ئۇنىڭدىن،
ئەھۋالىنى بىلگەنلەر.

كۆرۈنىشىمۇ ياۋاشتەك،
مۈڭگۈزى بار ئىچىدە.
مۈگدەپ يۈرسە كۈندۈزى،
تام ياقىلار كېچىدە.

سالام بېرەر ھەممىگە،
ئېگىپ تۆۋەن بېشىنى.
تۇيدۇرماستىن ئەپلەيدۇ،
دالدىدا ئۆز ئىشىنى.

تىمىسقىلاپ ھىد ئېلىپ،
تاپسا مەينى - ھاراقنى.
ئىچىۋېرىپ بولالماي
چىقىرىدۇ چاتاقنى.

«ياۋاش» دەپ كىم بولسا دوست،
ئېلىۋالار ئالقانغا.
ئالداپ ھىيلە ئىشلىتىپ
دەسسىتىدۇ قاپقانغا.

يالغانچىلىق ئۇنىڭكى
ياخشى كۆرگەن ئادىتى.
ئاقماي قالسا «ھۈنىرى»،
قالماس زادى تاقىتى.

شۈمبۇيا ئۇرۇقىنى
چېچىپ ئادەم يولىغا.
ياخشىلارنى تۇيدۇرماي
ئىتتىرىدۇ ئورىغا.

بۇ مۇغەمبەر «ياۋاش» قا
قالساڭ ئەگەر ئالدىنىپ.
يەيسەن مىڭ بىر پۇشايمان.
كۆپ ئىچىدىن شاللىنىپ.

1991 - يىل، يانۋار



## مىراس

مەن كۆز يۇمۇپ ياتقاندا، چوقۇم
باللىرىم ئاختۇرار ئىشكاپ.
چىقمىسىمۇ مال - بىسات گەرچە،
چىقار يازغان بىر نەچچە كىتاب.

رەنجىپ قالار باللار، بەلكىم:
«دادام بىزنى ئويلىماپتۇ، — دەپ، —
يىغىپ بايلىق ھايات چېغىدا،
بىزگە مىراس قالدۇرماپتۇ» دەپ.

قالدۇراي دەپ تۈگىمەس بايلىق،
زەر - جاۋاھىر تىزغانلىرىم راست.
ۋەزنى ئېغىر تاغدەك ئالتۇندىن،
قىممەتلىكتۇر بۇ ئېسىل مىراس.

1991 - يىل، يانۋار

## گۈلزارىم ۋەتەن

قۇچىقىڭ ئىللىق گۈلزارىم ۋەتەن،
ئىشقىڭدا كۆيدۈم دىلدارىم ۋەتەن.
نىمەتلىرىڭدىن قۇۋۋەتكە تولدۇم،
تېنىمگە دەرمان - مادارىم ۋەتەن.

تۇپرىقىڭ ئالتۇن، تاشلىرىڭ گۆھەر،
ئورمىنىڭ گويا بىر يېشىل سېپىل.
كۆل - گىياھلىرىڭ شىپالىق دورا،
ساپ ھاۋالىرىڭ ھاياتقا كېپىل.

مېھرىڭ دىلىمدا گوياكى يالقۇن،
شۇڭلاشقا ماڭا ئىلتىپاتىڭ كەڭ.
ھايات - ماماتىم سەن بىلەن بىللە،
سەندىن ئايرىلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ.

1991 - يىل، يانۋار.

## ئۆچمەس مەشئەل

كېلىپ بۈگۈن «ئازىخ» كەنتىگە،
سۈكۈت قىلدىم قەبرىگە قاراپ.
ھېسسىياتىم جۇش ئۇرۇپ دىلدا،
نەزمە يازدىم ئالىمغا ئاتاپ.

شۇ ئابىدە - قەبرە ئۈستىگە،
قويۇلۇپتۇ مۇقەددەس كىتاب *
شۇ تەۋەررۇك - قىممەتلىك مىراس،
ئالتۇن كەبى تۇرۇپتۇ چاقناپ.

* كىتاب — «تۈركىي تىللار دىۋانى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



ئاشۇ كىتاب مەھمۇت بوۋامنىڭ
تۆھپىسىنى تۇرار ئەسلىتىپ،
ئالىمغا چەكسىز ئاشتى ھۆرمىتىم،
ئىخلاس بىلەن ئاڭا كۆز تىكىپ.

مەڭگۇ ئۆچمەس تارىخىمىزنىڭ
گۇۋاھچىسى شۇ بۈيۈك دىۋان.
جەۋھەرلىرى تۈرك تىلىنىڭ
ئۇندا روشەن قىلىنغان بايان.

ۋاراقلىسام ئاشۇ كىتابنى،
ھەر سۆزىدىن سۆيۈنەر دىلىم.
گۆھەردىنمۇ بىلىپ ئەتىۋار،
شۇ كىتابتىن ئالىمەن بىلىم.

ئېلىپ كەلدى ھازىرغا قەدەر،
ئاشۇ قاموس ئالىم نامىنى.
تونۇتتى ئۇ پۈتۈن دۇنياغا،
مىللىتىمىز شەرەپ - شانىنى.

جۇلالىنىپ تۇرار شۇ كىتاب،
بولۇپ مەڭگۇ ئۆچمەس نۇر-مەشئەل.
پەخىرلىنەر ئۆز ئالىمىدىن،
بەختى كۈلگەن ئۇلۇغ ۋەتەن-ئەل.

1991- يىل، يانۋار.

## يولدا....

ماڭغان ئىدىم يولدا ئالدىراش،
بىر ئىت قاۋاپ چىقتى ھويلىدىن.
چىشلىمەكچى بولغانلىقىنى،
سەزدىم شۇئان ئۇنىڭ پەيلىدىن.

نان تاشلىدىم ئىتنىڭ ئالدىغا،
قالدى مەخلۇق قاۋاشتىن توختاپ.
ئۇغۇ شۇنداق،
بەزى ئادەملەر
قاپتۇ ئىتقا بەئەينى ئوخشاپ.

1991- يىل، مارت.

## ھايات شامىم سەن ئۈچۈن كۆيەر

ۋەتەن، گۈزەل ھۆسنىڭگە باقسام،
چېچەك ئاچقان باغنى كۆرىمەن.
قىيالاردا توختاپ نەزىرىم،
قار-مۇز باسقان تاغنى كۆرىمەن،
ئاي، كۈن سۆيگەن ئەلۋەك باغرىڭدا
بەختىم كۈلگەن چاغنى كۆرىمەن،

ۋەتەن سېنى نىمىشقا سۆيمەي،
ئاتا قىلساڭ ماڭا قۇت-ئامەت.



قالدۇرار ئىز سەندە مەڭگۈلۈك،
ئوغلۇڭدىكى سۆيگۈ - ساداقەت.
ئەقىدەمدىن يانمايمەن ئەسلا،
چەكسەممۇ شۇ يولدا رىيازەت.

ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن قەدىردان،
جاھاندا يوق ئۇنداق ۋاپادار.
ۋەتەن سۆيگەن ئەزىزدۇر ھامان،
بولماس شۇڭا ئۇ ھېچقاچان خار.
جاپا چېكىش مەن ئۈچۈن راھەت،
ۋەتەن ئۈچۈن بولۇپ پىداكار.

تۈزۈڭنى يەپ تۇز كورلۇق قىلغان،
ئىككى ئالەملىك نەزەردىن چۈشەر.
نامىڭ سېتىپ يېگەن ساتقۇنىڭ -
ھايات شامى ۋاقىتسىز ئۆچەر.
پەرزەنتىڭمەن، ئەي ئۇلۇغ ۋەتەن،
ھايات شامىم سەن ئۈچۈن كۆيەر.

1991- يىل، مارت.

## ئىككىمىز

ياخشى-يامان كۈنلەردە ئىناق ئىدۇق ئىككىمىز،
قىل سىغمايتتى ئارىغا ئامراق ئىدۇق ئىككىمىز.

تاپساق ئەگەر بىر نانى، ئوشتۇپ يەيتتۇق تەڭمۇ تەڭ،
خۇشاللىق ھەم قايغۇدا ئورتاق ئىدۇق ئىككىمىز.

بىلدىلمەيتتۇق پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە قىلچىمۇ،
خىزمەتلەردە مۇلايىم، سالماق ئىدۇق ئىككىمىز.

ئوخشاتساق بىز دوستلۇقنى تاغدا ئۆسكەن چىنارغا،
بىر يىلتىزدىن سۇ ئىچكەن ياپراق ئىدۇق ئىككىمىز.

كېيىپ مەنسەپ تاجىنى كەتتىڭ ئەجەپ ئۆزگىرىپ،
شۇ سەۋەبلىك ئۆز يولغا ماڭماق بولدۇق ئىككىمىز.

1991- يىل، ئاپرېل.

## ئەيىبسىز دوست ئىزدىسەڭ

سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام ھەر قېتىم،
دوستلارنىڭ كەينىدىن قىلىسەن غەيۋەت.
ھېچكىشى يارىماس ئالدىڭدا سېنىڭ،
ئۆزۈڭگە - ئۆزۈڭلا يارايسەن پەقەت.
مۇبادا ئەيىبسىز دوستنى ئىزدىسەڭ،
ياشىغىن يېگانە ئەبەدىلئەبەت.

1991- يىل، ئاپرېل.



## ئانا يۇرت مۇھەببىتى

ئۆزى ئۆسكەن ئانا يۇرتىنى
يۈرىكىدىن سۆيمىدۇ ھەركىم.
ئۇنىڭ مېھرى-ئىشقى ئوتىدا
پەرۋانىدەك كۆيمىدۇ ھەركىم.

گۈل دىيارىم گۈزەل قاغىلىق،
شۇڭا سېنى كەلدىم سېغىنىپ.
ھىجرانىڭدا ئوغلۇڭ ھەر قاچان
ئامەت تىلەر ساڭا تېۋىنىپ.

چىمەنلىرىڭ بولدى پايانداز،
بوسۇغاڭغا باسقاندا قەدەم.
تۇپرىقىڭنى سۈردۈم كۆزۈمگە،
شادلىق يېشى تۆكۈلدى شۇ دەم.

مەرھابا، ئەي شائىر ئوغلۇم، دەپ
ئاچتىڭ ماڭا سەن ئىللىق قۇچاق.
بەخش ئەتتى دىلخانەمگە نۇر،
بەرق تەجەللى ياندۇرغان چىراغ.

يېشىل ۋادا، گۈلگۈن سەھەرلىك
دىماغلارغا ئۇرار ئىپار ھىد.
تۇيۇلىدۇ قوينۇڭدا ھەركۈن
بولغان كەبى خۇشال بايرام، ھېيت.

گۈزەللىكنىڭ شاھىدەك گويا
پۈركىنىپسەن گۈللەرگە بېغىم.
كۆرۈپ ئىزىم چۈشكەن تۇپراقنى
ئەسكە كەلدى بالىلىق چېغىم.

ھەر باھاردا ئالما، ئانارلىق
باغلىرىڭدا ئېچىلسا چېچەك؛
ئوينايتتىم شاد دوستلىرىم بىلەن،
گۈلزارلىقتا قوغلاپ كېپىنەك.

تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ مىنىپ،
ئېتىز بويلاپ چاپاتتىم ھەريان.
زۇمرەت كەبى كۆلچەكلىرىڭدە
سۇ ئۈزەتتىم بولۇپ بېلىقجان.

كىرگىنىمدە مەكتەپ قوينىغا،
ئۇستازلىرىم بەردى دەرس-ساۋاق.
ئۆگەندىم مەن ئىلمۇ ئىرپاننى
دىلدا يېنىپ ئوتلۇق ئىشتىياق.



قۇياش كەبى ئىلىم-مەرىپەت
نۇرلاندۇردى كىرسىز قەلبىمنى.
پەيدا بولدى ئىجادقا ھەۋەس،
كۈيلىدىم مەن ۋىسال-بەختىمنى.

شائىرلىقنىڭ تۇنجى قەدىمى
يۇرتۇم سەندە باشلانغان دېمەك.
تىنىم تاپماي گۆھەرلەر قېزىپ،
ئېچىلدۇردۇم ئىجادتىن چېچەك.

سەندە ئۆتكەن سەبىي چاغلىرىم
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ پەقەت.
بالىلىق ھېس ئۇچقۇپ، كۆۋەجەپ،
كۈي كۈيلەيدۇ ئەبەدىلئەبەد.

دىدارلاشماي ئۆتتى تالاي يىل،
ئۇنتۇمىدىم (ئۇنتالمايمەن ھەم.)
تۇيۇلىدۇ ماڭا راھەتتەك
سېنىڭ ئۈچۈن رىيازەت چەكسەم.

ئۈزەلمەيمەن كۆزۈمنى سەندىن،
باقسام ساڭا ئەي ئانا تۇپراق.
مەپتۇن قىلار مېنى ئۆزىڭگە،
قىلىپ جىلۋە ھەر گىياھ، ياپراق.

ساڭا دىلدا چەكسىز ئىنتىلىش
مەشئەل كەبى تۇرىدۇ يېنىپ.
جۇش ئۇرىدۇ شادلىقىم مېنىڭ،
ئۆتسەم سېنى ناخشامغا قېتىپ.

بەھرى ئالدىم نىمەتلىرىڭدىن،
ۋۇجۇدۇمغا تولدى كۈچ-دەرمان.
رەقىبلەرگە ئەگمەي بېشىمنى،
مۈشكۈللەردە تاۋلىدىم ۋىجدان.

سېنى سۆيمەك بەختتۇر ماڭا،
مەن ئۈچۈن سەن جاندىنمۇ ئەزىز.
ئۈمىدىڭنى ئاقلىيالمىسام،
مېنى ئوغلۇم دېمىگىن ھەرگىز.

1991- يىل، ماي، قاغىلىق.

## مۇقام شادلىقى

يەكەننى «مۇقام يۇرتى» دەيدۇ خەلق،
بۇ ئىسىم قويۇلغاندۇر يۇرتۇمغا خاس.
سۆيۈنەر بۇ ئىسىمدىن بارچە ئاۋام،
كەلگەچكە مۇبارەك نام بىزگە بەك ماس.

تۇغۇلۇپ يۇرتىمىزدا ئامانىسا،
مۇقامنى جاراڭلىتىپ ئۆتكىنى راست.



مۇقامنىڭ ئىشقىدا ئۇ كۆيۈپ ئوتتەك،
بىر ئۆمۈر كۈمۈش تەرلەر تۆككىنى راست.

مۇقامغا ئەجنەبىيلەر سوزغاندا قول،
قوغدىغان ئامانىسا جاننى تىكىپ،
ۋايىغا يەتكۈزگەن ئۇ مۇقاملارنى،
شۇ يولدا كېچە - كۈندۈز جاپا چېكىپ.

مەنىلىك ئۆتكۈزگەن ئۇ ھاياتىنى،
يازغان كۆپ مەڭگۈ ئۆلمەس نادىر ئەسەر.
سەنئەتتىن مۇنار تىكلەپ شۆھرەت تاپقان
دىيارىم شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەر.

بىلىمىز شۇ بىباھا مۇقام بىزگە
ئۇستازدىن تەۋەررۈك بوپ قالغان مىراس.
ئۆگىنىپ ئۇنى مۇقام ئەۋلادلىرى،
جاھاننى زىلزىلىگە سالغىنى راست.

مۇقامدىن تولۇپ چەكسىز جاسارەتكە،
يەتتۇق بىز مۇقام ئەھلى تىلەكلەرگە.
يۇرتۇمدا ئېچىلمىسا مۇقام گۈلى،
تولامتى سەنئەت بېغى چېچەكلەرگە.

ئەزەلدىن ناخشا — مۇقام خۇشتارى بىزە
ناخشىدىن بولار بىزنىڭ قەلبىمىز شاد.

ئۆمرىمىز مۇقام بىلەن ياشنار ھامان،
ئۇنىڭسىز خەندان ئۇرۇپ كۈلمەس ھايات.

بۇ يولدا مۇقام قىزى «نەفىسە» نىڭ
ياراتقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى بار.
ئەۋلادلار مەڭگۈ تاۋاپ قىلىدىغان
ئالتۇنلۇق مازارىدا قەبرىسى بار.

ياساشقا كىرىشكەندە قەبرىگاھىنى،
سەيپىدىن ئەزىز كېلىپ قويدى ئۇلتاش.
ھاياجان چۇلغىۋالدى يۈرەكلەرنى،
تۆكۈلدى چاناقلاردىن تاراملاپ ياش.

زەرەپشان خۇشاللىقتىن ئېيتتى ناخشا،
ياپراقلار شىلدىرلىشىپ چاۋاك چالدى.
يۇرتۇمدا خاسىيەتلىك بۇ ئۇلۇغ ئىش،
ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە بولۇپ قالدى.

مۇقەددەس بايلىقىمىز مۇقام بىزنىڭ،
مۇقامنى قەدىرلەيمىز ھەر بىر ئەۋلاد.
پۈركەيمىز گۈلگە مۇقام دىيارىنى،
شان - زەپەر ئاسمىنىدا قېقىپ قانات.

1991 - يىل، سېنتەبىر.



# ياشايدۇ ئۇزاق

ھۆرمەتلەڭلار شائىرنى دوستلار،
يات كۆرمەڭلار ئۇنى بىھۇدە.
ئەل - ۋەتەنگە ساداقىتى بار،
سۆيگۈ ئاقار ئۇنىڭ قەلبىدە.

قەدىرلەڭلار شائىرنى دوستلار،
شائىر ئەلنىڭ ئوتلۇق كۈيچىسى.
مەڭگۈ ئۆلمەس ئىجادى ئۇنىڭ،
ئەۋلاد دىلدا يادلار كەلگۈسى.

شائىر دائىم تەۋرىتىپ قەلەم،
قامچىلايدۇ رەزىل ئىللەتنى.
ئەجرى بىلەن ئەلنىڭ كۆڭلىدە
چېچەكلىتەر ئېسىل خىسلەتنى.

ئەل بىلەن بىر — شائىر تىلىكى،
ئەل بىلەن ئۇ سىرداش، ھەمنەپەس.
ئەل ئىچىدە تاپقاچ قەدىرىنى،
شۇڭا ئۇنىڭ نامى مۇقەددەس.

ۋىجدان بىلەن ياشايدۇ شائىر،
خۇشامەتنى ياقتۇرماس قىلچە.

باش ئەگمەيدۇ نامەردكە زادى،
جان ھەلقۇمغا يەتسىمۇ گەرچە.

ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ شائىر،
كەلگۈسىگە تىكىپ كۆزىنى.
ۋەتەن ئۈچۈن. ئەل بەختى ئۈچۈن
كۆرەش قىلار ئۇنتۇپ ئۆزىنى.

شائىر جاندىن كەچسە كېچەركى،
ۋىجدانىدىن كەچمەيدۇ بىراق.
ئۇ ئۆلسىمۇ ئۆلمەيدۇ نامى،
ئەل قەلبىدە ياشايدۇ ئۇزاق.

1991 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ئۆتۈنەي ساڭا

دېدى بىرسى: «كادىر ئالدىغا
ھەر نەرسىنىڭ كېلەر ئېسىلى؛
قاچقانسېرى كەينىدىن قوغلاپ،
چاپلىشىدۇ ‹راھەت كېسىلى›».

دېدىم: «كېسەل راھەت تۇيۇلسا،
شۇ راھەتنى ئۆتۈنەي ساڭا.
ئېلىپ قېلىپ ئۇنى ئۆزۈڭدە،
تېگىشىپ بەر ساقلىقنى ماڭا.»



## چايدان ۋە پىيالە

چايدان غادىيىپ تۇرسىمۇ ئېگىز،
پىيالە ئاڭا ئېگىلمەس ھەرگىز.

## سۈيىقەستچى

قويۇپ بېرىپ ئۆگزىگە... شوتا،
تارتىۋالار تۇيدۇرماي ئاستا.

1991 - يىل، دېكابىر.

## ئىناق بولماي سائادەت يوق

ئىناق بولماي سائادەت يوق،
ئاڭا موھتاج جىمى ئىنسان.
ئىناقلىقتا باقار ھەر چاغ،
تىكىپ كۆزنى زېمىن، ئاسمان.

ئۇيۇشساق بىز پولاتتەك چىڭ،
يېڭىلمەس كۈچ بولۇر پەيدا.
ئىناق مىللەت روناق تاپقاي،
يېڭىپ مۈشكۈلنى ھەر جايدا.

قۇچايلى شان - زەپەر، تۆھپە،
كېلىپ غەيرەت - شىجائەتكە.

ئىناقلىقتىن تېپىپ قۇدرەت،
ئېرىشكەيمىز سائادەتكە.

1992 - يىل، مارت.

## جېنىم ئانا، نەگە كەتتىڭىز

بۆشۈكۈمنى تەۋرىتىپ، ئانا،
بېقىپ مېنى چوڭ قىلدىڭىز سىز.
يېتىلدۈرۈپ ئەخلاق - پەزىلەت،
ئىقبالىمنى ئوڭ قىلدىڭىز سىز.

تولاتتىم مەن ئۈمىد - ئىشەنچكە،
تىككىلگەندە نۇرلۇق كۆزىڭىز.
بەخش ئەتتى چەكسىز جاسارەت،
ۋۇجۇدۇمغا ئاپئاق سۈتىڭىز.

مېنى سەپكە قوشۇش يولىدا
كەتتى سىزنىڭ قان - تەر، ئەجرىڭىز.
جاھان كەزسەم سىزنى كۆتۈرۈپ،
تۈگىمەيدۇ يەنە قەرزىڭىز.

سۆيۈنەتتىم شەپقىتىڭىزدىن،
شۇنچە ئىللىق ئىدى مېھرىڭىز.
گۈزەللىكنى ماڭا ئۆتۈنۈپ،
سولدى قىزىل گۈلدەك چېھرىڭىز.



تونۇتتىڭىز ياخشى - يامانىنى،
ئەقىل بېرىپ ماڭا ئۆزىڭىز.
مېنى ئالغا ئۈندەيدۇ ھامان،
ھېكمەتلەرگە تولغان سۆزىڭىز.

پىدا قىلىپ بار - يوقىڭىزنى،
ماڭا راھەت بەخش ئەتتىڭىز.
قەدرىڭىزگە يېتەي دېگەندە،
جېنىم ئانا، نەگە كەتتىڭىز؟...

1992 - يىل، مارت.

## باھار ئىلھامى

قىشنى قوغلاپ كەلدى نەۋباھار،
ئىللىدى يەر، كۈلدى مەخلۇقات.
ناز ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ شۇدەم،
ياپيېشىل تون كىيىدى كائىنات.

قار - مۇز ئېرىپ ئاقتى زىلال سۇ،
ناخشا ئېيتتى دەريا ۋە بۇلاق.
گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ باغدا،
ئىپار كەبى چاچتى خۇش پۇراق.

چۆل - جەزىرە كەتتى جانلىنىپ،
ھاياتلىققا كۆز ئاچتى شىۋاق.

مال - ۋارانلار ئوينار سەكرىشىپ،
يېشىل يايلاق ئاچقاچ كەڭ قۇچاق.

نەۋ باھارنىڭ خاسىيىتىدىن،
دېھقىنىمنىڭ كۆڭلى شادلاندى.
يېنىپ دىلدا مول ھوسۇل ئىشقى،
يەڭنى تۈرۈپ جەڭگە ئاتلاندى.

ئۇرغۇپ دىلدا باھار ئىلھامى،
قاتتى ئۇنى شائىر نەزمىگە.
قۇشلار ئەركىن قىلىشتى پەرۋاز،
چۈمكەپ گۈزەل باھار پەيزىگە.

1992 - يىل، مارت.

## شائىر روھى ئەلنىڭ قەلبىدە

مۇقام يۇرتى چۈمدى ماتەمگە،
بارچە دىلنى قاپلىدى پىغان.
تالاي كۆزدىن قۇيۇلدى ياشلار،
تىلغىغا چىقا جۇدالىق - ھىجران.

ياشىنىغاندا ياشارغان «سۇزۇك»،
ئەجەل يېتىپ يۇمدى كۆزىنى،
ۋۇجۇدۇمدا قايغۇ ھۆكۈمران،
ۋىدالاشتىم كۆرۈپ يۈزىنى.



سۇزۇك ئىدى سۇزۇكنىڭ كۆڭلى،
ئىزدىمەيتتى شۆھرەت - ئاتاقنى،
سادىق بولۇپ ۋەتەنگە - ئەلگە،
ياشىغان ئۇ كۆرۈپ يىراقنى.

قەلىمىنى تەۋرىتىپ دائىم،
ئەلنى كۈيلەپ يازغان ئۇ ئەشئار،
ئۇ كەتسىمۇ ئالەمدىن، لېكىن
ئەۋلادىغا قالدى «يادىكار*».

قەبرىسىگە باققان چېغىمدا،
ئىش ئىزلىرى بولۇر نامايان.
خىسلىتىنى قېتىپ نەزمىگە،
ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن ھامان.

1992 - يىل، ئاپرېل.

## ئېرىشەرسەن قانچىلىك نەپكە

(ھەجۋىي)

تۈنۈگۈن مەن يازغان تېمىدا
سەنمۇ بۈگۈن يېزىپسەن شېئىر.

* «يادىكار» — شائىر «سۇزۇك» نىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى

بىر قېلىپتا قويغان كېسەكتەك،
ئوخشاپ قاپتۇ ئۇندىكى پىكىر.

ئەي تەقلىدچى، ئىجاد قىلىشنىڭ -
ئويلاپ باقمىن يولى شۇنداقمۇ؟
تەكرارلىساڭ بىر گەپنى قايتا،
كۆڭۈلگە ئۇ ياقسۇن قانداقمۇ؟

تەمى بولماس چاينىغان ناننىڭ،
ھېچكىم ئۇندىن ئالالماس لەززەت.
دوراپچىلىق ئىللىتىڭ، دوستۇم،
قالدى چېنىپ، بولدۇڭ ئاخىر لەت.

شېئىر پۈتمەس، ئۇيقۇدىن كېچىپ
كۆتۈۋالماي ئىجاد تېگىنى.
ئېرىنشەرسەن قانچىلىك نەپكە،
ئۇچلاپ كونا چاپان يېڭىنى.

1992 - يىل، ئىيۇن.

## تۇزۇماس گۈل ئاچتى چېچەك

كېلىپ دوستلار بولدى بەزمە (*) دىيارىمىزدا،
تۈمەن بۇلبۇل ناۋا قىلدى گۈلزارىمىزدا.

* بەزمە—1992 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونى بويىچە يەكەندە ئېچىلغان مۇقام تەتقىقات يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



مۇقام ئەھلى مۇقام بىلەن تاپتى قەدرىنى،
كۈلۈپ دىلى سائادەتتىن زامانىمىزدا.

ئامانىسا، قېدىرخانلار روھى شادلاندى،
قەبرىگاھى قەد كۆتۈرگەچ بوستانىمىزدا.

قەلبىمىزنىڭ ناۋاسىغا كەڭ جاھان خۇشتار،
كۈيلەيلى بىز چىن دوستلۇقنى داستانىمىزدا.

ئىچىپ بەخت شارابىنى ئۇرغۇدى ئىلھام،
چېچەك ئاچتى تۇزۇماس گۈل ئىجادىمىزدا.

1992 - يىل، ئاۋغۇست.

## توختاتمايمەن قەلەمنى ھەرگىز

ۋەتەن بەردى كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل،
جاسارىتىم ئاشتى ھەسسىلەپ.
تۇلپار كەبى چۈشتۈم بەيگىگە،
پارلاق، گۈزەل مەنزىلنى كۆزلەپ.

ئاق قەغەزگە چەكتىم گۈللەرنى،
ئەل ئىشقىدا بولۇپ پەرۋانە.
غەۋۋاسلاردەك شۇڭغۇپ دېڭىزغا،
سۈزدۈم گۆھەر، ئۈنچە - دۇردانە.

ئۇلۇغ ئانا ۋەتەننى، كۈيلەش —
قەلبىمدىكى ئۇلۇغۋار تىلەك.
توختىتالمايمەن قەلەمنى ھەرگىز،
توختىغۇچە سوقۇشتىن يۈرەك.

1992 - يىل، نويابىر

## ئەل ئىشقىدا

بىنا ئىچى بۈگۈن كېچىمۇ
شۇنچە جىمجىت ئاڭلانماس شەپە،
جەلپ قىلدى مېنى ئۆزىگە،
كۈندۈز كەبى يورۇق بىر كەپە.

دېرىزىدىن تۇرار كۆرۈنۈپ،
ماڭا تونۇش نۇرانە چىراي.
بىر نۇقتىغا تىكىپ كۆزىنى،
نېمىنىدۇر يازار ئوخلىماي.

قەلبىمدىن چىقىۋاتقىنى
سىيا ئەمەس، ئۇ دۇر قىزىل قان!
ئۇ مەنسىتمەس جاپانى زادى،
ئىجاد ئۈچۈن پىدا قىلغاچ جان.

ئۇ كۈيلەيدۇ ۋەتەننى — ئەلنى،
يېزىپ ئەشئار، جەڭگىۋار قوشاق.



ھەقىقەتتۇر ھەر مىسرا سۆزى،
ئۇ ياشايدۇ قۇياشتەك ئۇزاق.

ئۈنى كۈن - تۈن جىم تۇرغۇزمىغان
دىلىدىكى غايە ۋە ئارمان.
ئىجاد ئىشقى ئۇنىڭغا شۇنداق
بېغىشلىغان چەكسىز كۈچ - دەرمان.

ئۆتكۈزگەن ئۇ ئاتمىش باھارنى،
ئەل ئىشقىدا تەۋرىتىپ قەلەم.
ئېچىلدۇرۇپ ئىجادتىن چېچەك،
بېسىپتۇ ئۇ مەنىلىك قەدەم.

قېرىتسىمۇ شائىرنى يىللار،
قېرىماپتۇ ئىشقى - ھەۋىسى.
كېچىلىرى ئۇخلاتماي ئۇنى،
يوقلايدىكەن ئىلھام پەرىسى.

1992 - يىل، نويا،

## ... گە

باشتا سىنى سۆيمىگەن ئىدىم،
جىلۋە قىلىپ سۆيدۈرگەن ئۆزۈڭ.
ئىشقىڭدا مەن كۆيمىگەن ئىدىم،
شەيدا قىلىپ كۆيدۈرگەن ئۆزۈڭ.

يۈرىكىمنى ئازابلاپ، ھىجران
چۆلىگە، ئاھ، تاشلىغان ئۆزۈڭ.
ئۈمىدىمنى قىلىپ سەن پايخان،
كۆزلىرىمنى ياشلىغان ئۆزۈڭ.

ھىيلە — مىكىر زەنجىرى بىلەن
ئۇزاقىچە باغلىغان ئۆزۈڭ.
راست گەپ قىلماي ئالداپ ئەجەبمۇ،
مېنى ئەخمەق چاغلىغان ئۆزۈڭ.

بولۇپ قالدىم شۇنچا سەۋدايى،
بولالمىدىم سېھرىڭدىن جۇدا.
بىلەلمىدىم ئىشق ئوتىنى،
ياكى ماڭا سالغانمۇ خۇدا؟

ئايلاندۇرۇپ ساق بېشىمنى سەن،
ئەتراپىڭدا ئوينىتىش شۇنداق.
بىلىۋالدىم شەيتانلىقىڭنى،
ئەمدى سەندىن قاچىمەن يىراق.

قىلدۇرىمەن مىڭ بىر پۇشايمان،
تارتىپ سېنى ۋىجدان سوتىغا.
جىسمىڭنى كۈل قىلغىنىم — قىلغان،
كۆيدۈرۈپمەن نەپرەت ئوتىدا.

1993 - يىل، يانۋار.



## مەيلىمۇ

ئىنتىزار بولدۇم ساڭا بەك كەلمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ؟
سەن مېنى ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ كۆرمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ

قوغلىسام ئاھۇ كەبى قاچتىڭ تۇتۇق بەرمەي ماڭا،
ئاھ، مېنىڭ ھالىمغا سەن يەتمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ؟

بىر ساڭا باققان ئىدىم مەجنۇن كۆزىدە تەلمۈرۈپ،
ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا قىپ سۆيمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ؟

بۇ يۈرەك جامىدا مەي تۇتسام ساڭا مېھرىم بىلەن،
قالدۇرۇپ داغدا مېنى ئىچمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ؟

تاشلىدىڭ ھىجران چۆلىگە ئاخىرى چەكتىم ئازاب،
چاڭقىغاندا ئابى كەۋسەر بەرمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ؟

شۇنچە يىل ئىشقىڭدا پەرھاد دەك كۆيۈپ چەكتىم
ئازاب،
چىن ئەقىدە — ئىشتىياقىم بىلمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ؟

ۋەدە بەرسەڭ مەن سېنى لەۋزىدە تۇرغاي دەپتىمەن،
چىن مۇھەببەت سىنىقىدىن ئۆتمىسەڭ، يار، مەيلىمۇ؟

1993 - يىل، يانۋار.

## تۇزۇماس چىچەكلەر

(ئەجدادلارنى ئەسلەپ)

تىكىلگەن كۆزلىرىم تارىخ بېتىگە،
ئەجدادلار ئىشلىرى زەۋقىمنى قوزغار.
ئاھ، ئاشۇ باتۇرلار قايان كەتتى دەپ،
ئىزدەپ تۆت، تاماندىن قەلبىم مۇڭلىنار.

ئەسلىسەم شۇ مۇدھىش قارا يىللارنى،
غەزەپنىڭ ئوتلىرى ياندى دىلىمدا.
گويا تون قوينىنى يورۇتقان نۇردەك،
قانلىق ئىز نامايان بولدى ئالدىمدا:

جاھالەت قاپلىغان چاغدا ئەل — يۇرتنى،
ھۆرلۈك دەپ ئەجدادلار ئاتلاندى جەڭگە.
ئويغىتىپ غەپلەتتە ئۇخلىغانلارنى،
غەزەپنىڭ پىلتىسىگە ياقتى سەرەڭگە.

ئەل ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان مەردلەر،
قادالدى دۈشمەنگە خەنجەر — ئوق بولۇپ.



قۇربانلار ناملىرى قالدى تارىختا،
كەتسىمۇ ئۇلارنىڭ جىسمى يوق بولۇپ.

قەھرىمان نوزۇگۇم — جەسۇر قىزىمىز،
ئەرك ئۈچۈن جان بەردى ياۋغا پۈكمەي تىز.
قېنىدا يازدى ئۇ شانلىق بىر داستان،
قالدۇرۇپ تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز.

شەمشەرنى ئوينىتىپ سادىر بوۋىمىز،
جەڭگاھتا دۈشمەننى ئىلمىغان كۆزگە.
سۇر توقاي قىلىپ ئۇ شۇم قەدەم ياۋنى،
پالۋانلىق بابىدا كۆرسەتكەن ئۈلگە.

ئەلنى دەپ قەلەمنى قىلىچ ئەيلىگەن —
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىلىپ جان نىسار.
«ئويغان» دەپ قىلدى ئۇ خەلقىگە خىتاپ،
تۆكۈلگەن قېنىدا يېزىپ چىن ئەشئار.

قەسەمياد قىلىشتى مەردۇ مەردانىلار،
دۈشمەندىن ئېلىشچۈن ئىنتىقامىنى.
قورقىمىدى ئۆلۈمدىن، تۈرمە — زىنداندىن،
قوغدىدى ھۆرلۈكنى، ئېتىقادىنى.

تۈتىشىپ ھەر جايغا ئىنقىلاب ئوتى،
گوياكى گۈلخاندەك كۆيدى لاۋۇلداپ،

تۇرسىمۇ مەلئۇنلار مىللىتىمنى تەگلەپ،
بۇ كۆرەش ئۇلغايدى، قالمىدى توختاپ.

كېڭەيدى ئۈزۈلمەي بۇ جەڭگىۋار سەپ،
پارتىلىدى ئىلقىدىن شىددەتلىك ۋولقان.
ياڭرىتىپ جەڭ - چېلىش مارشىنى شۇچاغ،
زۇلمەتنى پاچاقلاپ چىقتى ئەخمەدجان.

لۇتپۇللا ئۈن قوشتى شۇ جەڭ مارشىغا،
كۆزلەپ خار - ئاچىزار ئەلنىڭ بەختىنى.
چىقارماق بولدى ئۇ ئۇچقۇندىن يانغىن،
غۇلىتىپ بىر يولى ياۋنىڭ تەختىنى.

ۋەلېكىن ئارىدىن چىقىپ خائىنلار،
ئۇچرىدى ئىنقىلاب ئېغىر زىيانغا.
ئاقتى قىزىل - ئوغلانلار قېنى دەريادەك،
ئايلاندى يېشىمىز سەلگە - قىيانغا.

دۈشمەنگە تىز پۈكۈپ ياشىنى زادى
قەھرىمان ئەجدادلار كۆرمىدى راۋا.
ئىز بېسىپ كۆرەشنى قىلغۇزدى داۋام،
ئاھ، ئەزىز جېنىدىن بولسىمۇ جۇدا.

ئەجدادلار ئويلايتتى ۋەتەننى - ئەلنى،
قەلبىدە كۆپ ئىدى ئۇلۇغۋار ئارمان.



بىلمىدىم، ئەزەلدىن شۇنداقمۇ قىسمەت،
ئۇلارنى ياشاشقا قويمىدى زامان.

× ×

قىساسكار قانلىرى ئاقمىدى بىكار،
ھۆر ۋەتەن پۈركەندى قىپقىزىل گۈلگە.
ئەجدادلار ئىزىدىن چامدايمىز ئالغا،
جەڭگىۋار روھىنى قىلىپ بىز ئۈلگە.

١٩٩٣ - يىل، فېۋرال.

## كۆز تەگمىسۇن

ھەي گۈزەل يەكەن ئانا ماكانىم،
ئىلھامىم تاشار ھۆسنىڭگە باقسام.
دىل شادلىقىمدۇر مەدھىيىلەپ سېنى،
خۇشناۋا ناخشا - كۈيۈمگە قاتسام.

مۇقەددەس، ئۇلۇغ، قەدىم دىيارسەن،
زېمىنىڭ مۇنبەت، بىپايان - كەڭرى.
تاشلىرىڭ گۆھەر، سۇلىرىڭ زەم - زەم
(ساڭا سېخىيلىق قىلغانمۇ تەڭرى!)

سەنئەتىڭ پۈتمەس بۇلىقى ئۆزۈك،
خەلقىڭ ناخشا - كۈي، مۇقامغا خۇشتار.

يېتىلگەن سەندە ئامانىنا، قېدىر،
باستى ئىزىنى سانسىز تۆھپىكار.

ئىلىم - ھېكمەتلىك دەريالىرىڭدىن
سۇ ئىچىپ قاندى تۈمەن ياش يۈرەك.
بۈيۈك ئەجدادلار ئارزۇ- ئارمانى
ئېچىلدى سەندە بولۇپ گۈل-چېچەك.

يارىتىپ سانسىز مۆجىزە، بايلىق،
تارىختا يېڭى سەھىپە ئاچتىڭ.
ئانا ۋەتەنگە قوشۇپ زور تۆھپە،
تاڭدىكى چولپان بولۇپ نۇر چاچتىڭ.

گۈزەل جەننەتكە ئوخشايسەن يۇرتۇم،
چىن ھەقىقەتتۇر، لاپ ئەمەس بۇ سۆز.
ئاسقىم كېلىدۇ بوينۇڭغا تۇمار
(ئەنسىرەيمەن بەك تەگمىسۇن دەپ كۆز).

## مۇھەببىتىڭ راست بولسا ئەگەر...

تۇتتۇڭ، نىگار، بىردەستە گۈلنى،
ئاچتى چېچەك كۆتكەن تىلىكىم.
جىسمىم ئىرىپ ئاتەش مېھرىڭدىن،
ھاياجاندا سوقتى يۈرىكىم.



ئاڭلاش ئۈچۈن يۈرەك سۆزۈڭنى،
بولغان ئىدىم ئەجەب ئىنتىزار.
بىلدىم ئەمدى مۇھەببىتىڭنى،
گۈلگە ئوراپ قىلىپسەن ئىزھار.

مەنمۇ سېنى سۆيىمەن جانان،
مۇھەببىتىڭ راست بولسا ئەگەر.
ۋاپاسىزلىق قىلساڭ مۇبادا،
نان ئورنىغا يۇتىمەن زەھەر.

1993 - يىل، مارت.

## ئۆتەرمەنمۇ ئالەمدىن شۇنداق...

ماڭا ئاتاپ يېزىپسەن مەكتۇپ،
ۋەدىمىزنى كەتمەپسەن ئۇنتۇپ.
بولسا بىرجۈپ قانىتىم ئەگەر،
بارماسمىدىم قېشىڭغا ئۇچۇپ.

«سېغىندىم» دەپ يېزىپسەن مەكتۇپ،
قىلىپ گۈزەل سۆيگۈڭنى ئىزھار.
قالماس ئىدى كۆڭلۈمدە ئارمان،
جامالىڭنى بىر كۆرسەم نىگار.

ئەپسۇس، ساڭا ۋاقتىدا جاۋاب
قايتۇرۇشقا بولمىدى ئىمكان.

سەن ئۇياقتا تۇرساڭ مۆكۈلىنىپ،
مەن بۇياقتا بولدۇم پەرىشان.

ساڭا كۈن - تۈن بولۇپ ئىنتىزار،
قانچە ئاي، يىل كېتىپتۇ ئۆتۈپ.
چاچلىرىمغا قونۇپتۇ قىراۋ،
شېرىن ۋىسال پەيتىنى كۈتۈپ.

سېغىنغاندا، نىگارىم، سېنى،
تەلمۈرىمەن كۆكتىكى ئايغا.
ئۆتەرمەنمۇ ئالەمدىن شۇنداق،
كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈپ سايغا؟...

1993 - يىل، مارت.

## سەھرا ئوغلىمەن

(بىر دېھقان يىگىت تىلىدىن)

دوستۇم مېنى «سەھرالىق» دېدىڭ،
سەھرالىقمەن بىلسەڭ ئەزەلدىن.
يالپۇز پۇراپ ئۆسكەن ئوغلىمەن،
تەمەيىم يوق مەنسەپ - ئەمەلدىن.

تېرىكمەيمەن «سەھرالىق» دېسەڭ.
شادلىنىمەن قىلمايمەن ئاچچىق.



بىلىمەن شۇ سەھرادا ئۆتكەن
ئۆمرۈمنى قەنت - ناۋاتتىن تاتلىق.

سەھرا مېنىڭ سۆيگەن ماكانىم،
سەھرادا بار گۈزەل نىگارىم.
يارىم بىلەن تەر تۆكۈپ بىللە،
چېچەك ئاچقان ئۆمۈر باھارىم.

شۇڭا كۈيلەپ سەھرانى - دەشتنى،
ئۆتمەكتىمەن نۇر سۆيۈپ مەڭزىم.
سەھرادىدۇر شېرىنلىك، ئۇزلۇق،
ئايرىلالماس ئۇنىڭدىن بەختىم.

1993 - يىل، مارت.

## بىلگىنىڭدىن بىلمىگىنىڭ كۆپ

ھەممىنى مەن بىلىمەن دېمە،
بىلگىنىڭدىن بىلمىگىنىڭ كۆپ.
ھاياتىڭدا — ماڭغان يولۇڭدا،
كۆرگىنىڭدىن كۆرمىگىنىڭ كۆپ.

بىرنى بىلىش ئۈچۈن مىڭ ئۆگەن،
ئۇن مىڭ قېتىم ئىزدەن ۋە كۆزەت.
ساقلىنى تارىماي خەقنىڭ،
جىسمىڭدىكى ئىللەتنى تۈزەت.

دوستۇم، شۇ چاغ بۈيۈك تاغ كەبى
تىكلىنىدۇ ھۆرمەت - ئىززىتىڭ.
مېۋە بەرسەڭ ئەجرىڭدىن ئەلگە،
ئاشار ئاندىن قەدىر-قىممىتىڭ.

1993 - يىل، مارت.

## دوستۇمغا جاۋاب

سوراپ قالدى بىر كۈنى دوستۇم،
مەندىن: «ئۇنۋان ئالدىڭىزمۇ؟ — دەپ، —
ياكى خىزمەت بىلەن بوپ كېتىپ،
يەنە قۇرۇق قالدىڭىزمۇ؟» دەپ.

دېدىم: ئالىبۇرۇن شائىر دەپ،
خەلقىم قۇتلاپ ماڭا نام بەرگەن.
ئاشۇ نامغا ئېرىشكەنلىكىم
شادلىقىمدۇر ئۆمرۈمگە يەتكەن.

1993 - يىل، مارت.

## «قەشقەر گۈلزارى»غا

تويۇڭ بولدى «قەشقەر گۈلزارى»،
تولغاچقا سەن بۈگۈن مىڭ ياشقا.



ئىلھام مېنى ئالسا ئىلكىگە،
سېنى كۈيلەپ يازماي نېمىشقا؟

تويۇڭ بولدى «قەشقەر گۈلزارى»،
نۇرغا تولدى ئۆمرۈڭ باھارى.
ناخشا ئېيتتى دولقۇنلاپ تۇمەن،
شاراپ تۇتتى مۇقام دىيارى.

تويۇڭ بولدى «قەشقەر گۈلزارى»،
چاقناپ تۇرار ئالتۇن سەھىپەڭ.
گۇۋاھچىسى ئۇدۇر تارىخنىڭ،
مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ تۆھپەڭ.

تويۇڭ بولدى «قەشقەر گۈلزارى»،
ئىپار كەبى چاچتىڭ خۇش پۇراق.
بۇلبۇللىرىڭ ئەيلىدى ناۋا،
باغلاپ ساڭا سۆيگۈ - ئىشتىياق.

تويۇڭ بولدى «قەشقەر گۈلزارى»،
بولغان ئىدىم ئاڭا ئىنتىزار،
ساڭا باغلاپ چوڭقۇر ئەقىدە،
قىلدىم بۈگۈن كۆڭلۈمنى ئىزھار.

1993 - يىل، مارت.

## پاكلىق

پاكلىق مۇقەددەس، پاكلىق ئەڭ ئۇلۇغ،
پاكلىق بىلەنلا گۈزەلدۇر ئالەم.
ئىنسان خىسلىتى - شەرىپى پاكلىق،
شۇ پاكلىق بىلەن ئەزىزدۇر ئادەم.

پاك بولساڭ ئاشار ئىززەت .. ھۆرمىتىڭ،
ئەلنىڭ قەلبىدىن ئالالايسەن جاي.
ئۇنىدىن چەتنىسەڭ بېسىپ سېنى نەس،
يۈزۈڭگە لەنەت تامغىسىن باسقاي.

پاكلىق گوياكى ئۆچمەس يالقۇندۇر،
كۆيۈپ ئۇنىڭدا كۈل بولار نۇقسان.
ئارزۇ - ئۈمىدىڭ گۈل ئاچار ئەلدە،
قىلساڭ ئىشىڭغا پاكلىقنى مىزان.

پاكلىقنى سۆيەر جىمىكى ئىنسان،
پاكلىقتىن كېلۇر ئىنساپ - دىيانەت.
پاكلىق بولمىسا بۇزۇلۇپ جاھان،
يامراپ كېتىدۇ شۇملۇق - جىنايەت.

پاكلىق ئامەتنى قىلار ساڭا يار،
ناپاكلىق يولنى توسۇپ قىلار تار.



ئۆمرۈڭ گۈلگە قوندۇرمىغىن چاڭ،
رەقىپ ئالدىدا بولماي دېسەڭ خار.

1993 - يىل، ئاپرېل.

## يىلدا ئەمەس ئۆزۈمدە ئەيىب

ئەللەي ئېتىپ يىللار بۆشۈكى،
ئۇخلىتىپتۇ مېنى بوۋاقتەك.
ياشلىق چېغىم ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
«يالت» قىلىپلا ئۆچكەن چاقماقتەك.

يۈرىكىمنى قىينايدۇ ھەسرەت،
قىلالمىغاچ بەيگىدە پەرۋاز.
ئۆز - ئۆزۈمگە دەيمەن مىڭ ئەپسۇس،
ئەلگە قوشقان تۆھپەم بەكمۇ ئاز.

ئويناشقاچقا ھايات بىلەن مەن،
قاپتۇ پۇرسەت قولۇمدىن كېتىپ.
تىللىمايمەن يىللارنى، دوستلار،
يىلدا ئەمەس ئۆزۈمدە ئەيىب.

ھاياتلىقتا ئۆزىنى بىلمەك،
ئادەم ئۈچۈن ئىكەن بەك ئەۋزەل.
تولدۇرىمەن بوشلۇقنى ئەمدى،
مەنە بېرىپ ئۆمرۈمگە گۈزەل.

1993 - يىل، ئاپرېل.

## ياشىيالمايمەن جاھاندا سەنسىز

ئاق خالاتلىق گۈزەل پەرىشتە،
ئۆزۈڭ شۇنچە خۇش خۇي، مۇلايىم.
قاچان كۆرسەم تولۇنئاي كەبى،
كۈلۈمسىرەپ تۇرىسەن دائىم.

كېسەللەرگە بولۇپ پەرۋانە،
مېھرىبانلىق چاقنار كۆزۈڭدىن.
ۋۇجۇدۇڭدىن سەزدىم ئىللىقلىق،
بال تامىدۇ ھەر بىر سۆزۈڭدىن.

ئوكۇل ئۇرساڭ تومۇرۇمغا سەن،
مېھرىڭ ئاقار بولۇپ سەل - قىيان.
تۇيۇلىدۇ ئەجەلنىڭ قۇشى
غال - غال تىترەپ قاچقاندەك شۇئان.

كۆردۈڭ مېنى قېرىنداشىڭدەك،
تەسىرلەندىم ئىش ئىزلىرىڭدىن.
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇم، روھلاندىم،
شىپا تېپىپ خىسلەتلىرىڭدىن.

دەۋرىمىزنىڭ گۈزەل رەناسى،
ساڭا دىلدا ھۆرمىتىم چەكسىز.



جاراڭلايدۇ شەنىڭگە ناخشام،
ياشىيالمايمەن جاھاندا سەنسىز.

1993 - يىل، ئاپرېل.

## قارىغاينىڭ خىسلىتى

(مۇستەھزات)

تۇرار قارىغاي قىش ۋە يازدا قۇياشقا بېقىپ،
دائىم ياپيېشىل،
مەدھىيىلەيمەن ئۇنى ئوتلۇق ناخشامغا قېتىپ،
خىسلىتى ئېسىل.
تىك، خەتەرلىك چوققىلارنى ماكان قىلغان ئۇ،
يىلتىزى چوڭقۇر.
ئۇنى قىلچە تەۋرىتەلمەس بوران سوقسىمۇ،
قامىتى مەغرۇر.
ئۇنىڭ ھەر تال ياپرىقىدا بار بىر گۈزەللىك،
قىلىدۇ جىلۋە.
بۇ دەرەختە بار ئاجايىپ يۈكسەك ئەۋزەللىك،
ئۆچمەس ئابىدە.
ئۇ چىداملىق تومۇزدىمۇ قالماس ھاسىراپ،
تاشلايدۇ سايە.
خىسلەتلىرى كەتتى ۋۇجۇد - قەلبىمگە تاراپ،
نۇرلاندى غايە.

1993 - يىل، ئاپرېل.

## دوختۇر دېگەن سەندەك بولسا...

ئاق خالاتلىق دوختۇر قىزچاق،
بولدۇم دىلدىن ساڭا شەيدا.
قاچان بىتاپ بولۇپ قالسام،
قۇتقۇزدۇڭسەن بولۇپ پەيدا.

داۋالىدىڭ ئۆزۈڭ ئۇنتۇپ،
تەشۋىش مەندىن قاچتى يىراق.
بىلدىم، قەلبىڭ كىپسەللەرگە
ئىكەن گويا كەۋسەر بۇلاق.

شەپقىتىڭدىن سۆيۈندى دىل،
ۋۇجۇدۇڭدىن سەزدىم باھار.
دوختۇر دېگەن سەندەك بولسا،
رازى بولار بارچە بىمار.

1993- يىل، ئاپرېل

## كۈلكە ۋە يىغا

كۈلكە ۋە يىغا ئىنسانغا ئورتاق،
ئۇنىڭدىن ھېچكىم بولالماس نېرى.
ئادەم ئۆزىچە كۈلمەس، يىغلىماس،
بولىدۇ ئۇنىڭ سەۋەبى — سىرى.



ئازابلىغاندا قەلبىڭنى ئەلەم،
كۆزۈڭدىن ئاچچىق قۇيۇلىدۇ ياش.
دەسلەپ يۈرىكىڭ يىغلار ئاندىن سەن،
چۈنكى ئۇ ئەمەس چۆيۈن ياكى تاش.

قايغۇرۇش — يىغلاش تۈزىتار ئاسان،
ئېچىلىپ تۇرغان ئۆمرۈڭ گۈلىنى.
بىلگىن ئەبەدىي يىغىدىن، دوستۇم،
تاپالمايسەن ھۆر بەخت يولىنى.

يىغلاپ يۈرگەندىن كۈلگىنىڭ ياخشى،
قانچىلاپ كۈلپەت كەلسىمۇ باشقا.
چىدامىلىق، باتۇر بولغىن ھەر قاچان،
ناھەقتىن بېشىڭ ئەگسىمۇ تاشقا.

1993- يىل، ماي.

## ئادەمىي شەيتان

ئارىمىزدىن ئىزدىسەڭ ھامان
تېپىلىدۇ ئادىمىي شەيتان.
ھېيلىسىدىن بولمىساڭ پەخەس،
ئۇ ئازدۇرۇپ ئەيلەيدۇ ۋەيران.

توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش،
ئۇنىڭ كۆنگەن خۇيى - ئادىتى.

نەيرەڭلىرى ئىشقا ئاشىنسا،
دىلدا زادى قالماس تاقىتى.

گاھىدا ئۇ تۈزگەندە سورۇن،
ئۆتەر ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ.
گاھى چۇقان سالار ئۆز ئارا،
ئىتقا ئوخشاش «سۆڭەك» تالىشىپ.

ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دەپ،
ھەقىقەتنى قىلار دەپسەندە.
قىلمىشىدىن ئالمايدۇ ساۋاق،
بولغاندىمۇ رەسۋا - شەرمەندە.

رەزىللىكلەر خۇددى قان كەبى،
كەتكەچ ئۇنىڭ جىسمىغا تاراپ.
ئۆزگىرىدۇ كۈندە نەچچە خىل،
ۋەزىيەتكە — شامالغا قاراپ.

ئىزدەيدۇ ئۇ بولۇپ كۆز، قۇلاق،
تىرناقتىن كىر، ئىشىكىدىن نۇقسان.
كەتكۈچە ئۇ باقىي ئالەمگە،
بۇ خۇيىدىن كەچمەيدۇ ئاسان.

1993- يىل، ماي.

## كەتتىڭ

نىگارىم، ئەي گۈلى رەنا، سېغىنغاندا كېلىپ كەتتىڭ،
دىلىمنىڭ پارىسىنى، ئاھ، ئۆزۈڭ بىرلە ئېلىپ كەتتىڭ.



يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ھەردەم، ساڭا بولغان ئىدىم مۇشتاق،
شېرىن سۆيگۈ—مۇھەببەتنىڭ ئىچىمگە ئوت سېلىپ كەتتىڭ.

سېنى مېھرىم بىلەن سۆيدۈم ئېچىرقاق لەۋلىرىم قاندى،
كۆڭۈل گۈلزارىغا تەكشى قىزىل گۈللەر تېرىپ كەتتىڭ.

يېنىپ تۇرغان قىزىل چوغسەن، ئۆزۈڭ يالقۇنلىغان ئوتسەن،
ئوتۇمغا ئوت قوشۇپ چەندان مېنى مەجنۇن قىلىپ كەتتىڭ.

كۆڭۈل بىركى، نىيەت بىركى—ۋىسال ئەييامىدا كۈلمەك،
«يېنىمغا سەنمۇ بارغىن» دەپ ماڭا تەكلىپ بېرىپ كەتتىڭ.

1993- يىل، ماي.

## ھايات قەدرى

ئادەم دېگەن ياشانغانسېرى،
يېتەر گۈزەل ھايات قەدرىگە.
ھەر قەدەمنى باسسا مەنىلىك،
ئېسىت دېمەس ئۆتكەن ئۆمرىگە.

قېرىتمىدۇ ئادەمنى بالدۇر،
پەرىشانلىق، يالغۇزلۇق، جىملىق.
بولسا ھەمراھ ئادەمگە كۈلكە،
ئۆمرى ئۆتەر باھاردەك ئىللىق.

كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇپ دېڭىزدەك،
بولسا خالى ھەسەتتىن ئىنسان.
خىسلىتىدىن ئېچىلىپ گۈللەر،
بولار تىلدا تەرىپى داستان.

1993- يىل، ئىيۇن.

## قىيان

قىيان كەلدى ئايغىر كەبى ئۆرىدەپ،
بىر ۋەھىمە ئالدى بىزنى ئىلكىگە.
قىيان ئەمەس كەلگىنى بۇ چوڭ ئاپەت،
چاڭ سالماقچى ئەل ھاياتى، مۈلكىگە.

قىيان كەلدى ھەيۋە قىلىپ ھەممىگە.
ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەس دېگەندەك.
مۇڭغا پاتتى گۈزەل دىيار — ئانا يۇرت،
بولدى دالا كۆز يېشىنى تۆككەندەك.

ئەجدىھادەك يوغان ئېچىپ ئاغزىنى،
قىيان كەلدى قورقۇنچلۇق ئەلپازى.
ھەر كىم ئۈچۈن بولدى سىناق ئۆتكىلى،
قايسى باتۇر توسسا ئۇنى ئەل رازى.

«بولۇپ ئەل ئۇيۇم سەلگە قارشى سەپ تۈزۈپ،
قىلساق شۇ دەم يېمىرىلمەس كۈچ ھاسىل.



كۆرەڭلىگەن ئاشۇ قىيان — ئاپەتكە،
تۇرالايمىز ھەر قاچان بىز تاقابىل...»

سەركەردىنىڭ ئاشۇ ئوتلۇق خىتابى،
سەلگە قارشى جەڭگە بىزنى ئۈندىدى.
كېلىپ چەندان شىجائەتكە - غەيرەتكە،
قىيان بىلەن ئېلىشتۇق بىز ياش - قېرى.

بىرىمىزنى چۆكتۈرۈۋەتسە، ئونىمىز
قىلدۇق كۈرەش توختاپ قالماي داۋامەت.
كۈچىمىزگە تەڭ كېلەلمەي ئاخىرى،
بولدى تەسلىم كەلگۈن ئاتلىق بۇ ئاپەت.

1993- يىل، ئىيۇن

## بىر مۇھاجىرنىڭ كۆز يېشى

زەر كۆرۈنۈپ چەت ئەل تۇپىسى،
پاراغەتكە تارتىپ ئىشتىياق.
باي بولۇشنى كۆزلەپ بىر زامان،
يۇرتنى تاشلاپ كەتكەنتىم يىراق.
ئويلاپتىمەن كېزىپ جاھاننى،
قىلىپ سودا پايدا تېپىشنى.
بىرنى ئون، يۈز، ھەتتا قىلىپ مىڭ،
پۇلنى تۈگىمەس بايدەك بېيىشنى.
بىر ئاز پۇلغا ئىگە بولدۇم راست،

ئۆيلىغانىدەك بولمىدى ئىشىم.
ھەر قەدەمدە بېسىپ پالاكەت،
توختىمىدى مېنىڭ كۆز يېشىم.
ئوغرى ئالدى تاپقانلىرىمنى،
كۈن ئالمىقىم بولدى بەك قىيىن.
ماڭا ھېچكىم قىلمىدى شەپقەت،
تاپالمىدى كۆڭلۈممۇ ئىمىن.
داغدا قالدىم، ئايلاندى ئاخىر
گۈزەل شېرىن چۈشۈم كۆپۈككە.
بىلمەي قالدىم تىقىلدى شۇنداق،
ئىككى پۇتۇم بىر پاي ئۆتۈككە.
غەمنىڭ تېغى بېسىپ يەلكەمنى،
خۇددى يادەك قەددىم پۈكۈلدى.
ئاق سۈت بېرىپ باققان يۇرتۇمنىڭ
ماڭا بەكمۇ قەدرى ئۆتۈلدى.
بۇ جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە
قۇلىقى تۆت ئىكەن قازاننىڭ.
باي بولۇشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى
ئۆز قولىدا ئىكەن ئىنساننىڭ.
بېشىم تاشقا تەگكەندە ئاندىن،
قايتىپ كەلدىم ئەزىز ئېلىمغا.
كۈتۈۋالدى مېھماندەك مېنى،
قېرىنداشلار چىقىپ ئالدىمغا.
يۇرتنى كۆرۈپ باستى ھاياجان،
كەلدى زۇۋانغا تۇتۇلغان تىلىم.



چاۋاك چالدى سىرداش ئورمانلار،
بولدى كۆككە يەتكەندەك بېشىم.
قانات يايدى بەختىيار ھايات،
ئارزۇلىرىم ئاچتى گۈل - چېچەك.
دوستلار، قاراڭ يېرىلمايدىكەن
خۇشاللىقتىن تىپچەكلەپ يۈرەك.
مەندىن ئىبرەت ئېلىڭ يۇرتداشىم،
ئۇنتۇماڭ بۇ يۈرەك سۆزۈمنى.
كۈلگەي روھىم يۇرتۇم باغرىدا،
ياتسام تىنچ يۇمۇپ كۆزۈمنى.

1993 - يىل، ئىيۇل.

## زەرەپشان سۆيگۈسى

زەرەپشان! زەرەپشان قەدىمىي دەريا،
ئۇلۇغمەن، سەن ماڭا قەدىردان ئانا.
كۈيلەيمەن ناخشامدا بىر ئۆمۈر سېنى،
چىمەنزار بويۇڭغا بولۇپ مەھلىيا.
زەرەپشان! مەۋج ئۇرۇپ ئاقساڭ ھەيۋەتلىك،
قۇمدىن زەر چايقايدۇ ئۆركىشىڭ ھەر ئان.
ھەر مايسا تۈۋىگە سىڭگەسەن قاندەك،
يەلپۈنەر باشاقلار تۇتۇپ ئالتۇن دان.
زەرەپشان! ياساندى قىرغاقلىرىڭ ئۈز،
يىل بويى پۈركىنىپ گۈلگە - چېچەككە.
سەن بىلەن ياشنىدى يۇرتۇم — يەكىنىم،

ئايلىنىپ گۈلىستان باغقا — جەننەتكە.
زەرەپشان! سەندىن خۇش ھىد ئېلىپ ياتار،
باغرىڭدا سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان.
چالدۇ نەغمە جۆر قىلىپ ساتار.
ئالەمنى مەھلىيا قىلار ھەر زامان.
زەرەپشان! دولقۇنلاپ ئاقىن توختىماي،
مەردلەرنىڭ قەدىمى ئۈزۈلمەس سەندىن.
مەن سېنى كۈيلەيمەن، سېنى سۆيىمەن،
توختىماس ئۈنۈم، جان چىققۇچە تەندىن.

1993 - يىل، ئاۋغۇست.

## بىر باشلىققا تېز سىزما

بىزنىڭ مەي جۇيجاڭ ئوبدان كۈتىدۇ،
سومكا كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىنى.
قۇرۇق قول كەلسە قارايدۇ تەتۈر،
خۇش ياقمىغاندەك سىلكىپ بېشىنى.
پارىخورلۇقنى قىلغان ئۇ ئادەت،
ئۇدۇللۇق ئېلىپ تۇرار كەلگەننى.
بۇ يامان نەپسى توياركىن قاچان؟
بىلمەيدۇ «ئىنساب»، «نومۇس» دېگەننى.
قارا كۆڭۈلدۇر بىزنىڭ بۇ جۇيجاڭ.
ھالال - ھارامنى ئىلغىماس قىلچە.
تۈگەپ كېتىدۇ تاغدەك بايلىقمۇ،
ئىشلىرىڭنى ھەل قىلىپ بولغۇچە.



ئىشخانىسىغا كەلگەن چېغىمدا،
خۇددى شەيتاندەك ئالدايدۇ سېنى.
بىزنىڭ جۇيجاڭنىڭ «ھۈنىرى» تولا.
«يالغان ئېيتتىغۇ» دەپ قالما مېنى.
دېگەنلىرىمگە ئىشەنسەڭ ئەگەر،
بۇ يالغانچىغا ئەكەلمە پارا.
ئۆز ئائىلەڭگە خەجلەپ شۇ پۇلنى،
بالىلىرىڭغا ئوبدانراق قارا.

1993 - يىل، ئاۋغۇست.

## بىر يىگىتنىڭ ھەسرىتى

(ساتىرا)

«ئاق ئالۋاستى» ئازدۇرۇپ مېنى،
ئاخىر يېتىپ قالدىم پاتقاققا.
يۇرتداشلىرىم ئىبرەت ئالسۇن دەپ،
كەچمىشىمنى قاتتىم قوشاققا.

جاپا چېكىپ تاپقان پۇلۇمغا،
چېكىپتىمەن ئېلىپ خىروئىن.
ئاڭا خۇمار بولۇپ قاپتىمەن،
دەسلەپىدە تۇيۇلۇپ شېرىن.

بىلدىم، ئەسلى زەھەر ئىكەن ئۇ،
قۇتۇلماقىم بولدى ئەجەب تەس،

چاپلاشقاچقا بۇ مەرەز ماڭا،
ھەر تەرەپتىن باستى مېنى نەس.

شوراپ قاننى بۇ «ئاق ئالۋاستى»،
قىلدى ساغلام جىسمىمنى خاراپ.
ئېزىپ پۈتۈن ئەقلىي ھوشومدىن،
مېڭىپتىمەن ئەجەلگە قاراپ.

ئىملكىمدىكى ۋەسلى - بارىمدىن،
ئايرىدى ئۇ قالدىم يالىڭاچ.
سەرسانلىقتا ئۆتمەكتە كۈنۈم،
لالما ئىتتەك بېزىرىپ ھەم ئاچ.

كاسىپ ئوغلى تۇرۇقلۇق ئۆزۈم،
ئۇنتۇپتىمەن ئەجەب ئەسلىمنى.
مېڭىپتىمەن خەتەرلىك يولغا
ئويلاپ قويماي ئەۋلاد - نەسلىمنى.

بۇ ئاق زەھەر سىڭىپ قېنىمغا،
قىلدى گۈلدەك رەڭگىمنى سامان.
ئەجەل قۇشى ئۇچۇپ بېشىمدا،
يۈرىكىمنى قاپلىدى پىغان.

بۇ كەڭ جاھان تار بولدى ماڭا،
نەگە بارسام توسۇلۇپ يولۇم.



دەيدۇ يىغلاپ بىچارە ئانام:
يۆلەي دېسەم قالمىدى پۇلۇم.

كىچەرمۇ دەپ مەشۇقۇم مەندىن،
دەرگۇماندا ئەنسىرەيمەن بەك.
بولدۇم گويا يېگەندەك زەھەر،
كۈندە مىڭ بىر سىقىلىپ يۈرەك.

ئەل - جامائەت سەسكىنىپ مەندىن
ئاتتى لەنەت - نەپرەت تېشىنى.
چۆلدە قالغان يېتىم قوزىدەك،
تۆكتۈم كۆزدىن ھەسرەت يېشىنى.

قولاق سالماي دوستلار سۆزىگە،
تاپتىم بالا ئۆزۈمگە ئۆزۈم.
بولدى ماڭا بۇ دۇنيا ھارام،
دوستلار ئارا تۆكۈلۈپ يۈزۈم.

ئاھ، ئۆرىمەن ئىچىمگە تىنىپ،
ساقىيارمۇ دىل يارام قاچان؟
ئۆتەرمەنمۇ پۇشايمان بىرلە،
ئەزىز تەندىن چىققۇچە بۇ جان.

تەڭتۇشلىرىم ئىبرەت ئالسۇن دەپ،
قىلمىشىمدىن يازدىم بىر قوشاق.

ھەزەر ئەيلەپ «ئاق ئالۋاستى»دىن،
ئۆمۈر ۋايەت قېچىڭلار يىراق.

1993 - يىل، نويابىر.

## يۈرەك

تىنىمسىز سوقۇپ ھارمايدۇ يۈرەك،
دەقىقە ئارام ئالمايدۇ يۈرەك.
قايغۇ - شادلىققا چىداشلىق بېرىپ،
سوقۇشتىن توختاپ قالمايدۇ يۈرەك.

ئىنساندا يۈرەك بولسىمۇ ئوخشاش،
لېكىن ئوخشىماس ئۇنىڭدىكى تىلەك.
بىرىدە ياخشى نىيەت ئاچسا گۈل،
بىرى ھەسەتكە ئەبەدىي قوشكېزەك.

1993 - يىل، نويابىر.

## چىن دوستلۇق

ئۇ يىغلىسا تەڭ قايغۇرۇپ،
ئۇ شادلانسا بىللە كۈلسەڭ
خۇشاللىقنى، دەرد - ئەلەمنى
ھاياتىڭدا ئورتاق بىلسەڭ.
دوست ئۆرلىسە شوتا بولۇپ،
ساداقەتنى قەدىرلىسەڭ.



بۇ ھاياتلىق سەپىرىدە
بىللە ئالغا ئىلگىرىلىسەڭ.
«ياڭاق چاققان» كۈنىڭدىمۇ
بىر جان، بىر تەن بولۇپ ئۆتسەڭ.
بۇنىڭ ئۆزى چىن دوستلۇقتۇر،
ئەل ئاغزىدا داستان پۈتسەڭ.

1993 - يىل، دېكابىر.

## ئۆرلە، چاربباغ *

قولۇم كۆكسۈمدە، دەيمەن «ئەسسالام»
ھەر قېتىم سېنى كۆرسەم، چاربباغ.
تۇيۇلار باغرىڭ خۇددى جەننەتتەك،
كۆزۈمنى ساڭا تىكسەم، چاربباغ.

ئاڭلىنار ماڭا ئەجەب چىرايلىق،
سېنىڭ مۇبارەك ئىسمىڭ، چاربباغ.
گۈزەللىكىڭگە تەڭداش تېپىلماس،
ئىسمىڭغا لايىق جىسمىڭ، چاربباغ.

گۈزەل ھۆسنىڭگە قاراپ تويمايمەن،
قۇچىقىڭ گۈلزار، بوستان، چاربباغ.

---

* چاربباغ — يەكەن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى

مۆجىزە – بايلىق ماكانى ئۆزۈك،
تەرىپىڭ دىلدا داستان، چارباغ.

ئۇلغىيىپ كۈچۈڭ تاپتىڭسەن رەۋناق،
سائادەت ساڭا باقتى، چارباغ.
ئىشچىلار سەندە مېھنەت ئەجرىنىڭ،
قەنتىنى تازا چاقتى، چارباغ!

دېھقىنىڭ ئاستى بوينۇڭغا زۇننار،
سېنى دىلىدىن سۆيگەچ، چارباغ.
قوينۇڭنى خۇش ھىد گۈلگە پۈركىدى،
ئىشقىڭدا ئوتتەك كۆيگەچ، چارباغ.

ساڭا ئۈمىدىم – تىلىكىم شۇدۇر،
يەنىمۇ ياشناپ – گۈللە، چارباغ.
مۇشكۈلنى يېڭىپ، قۇچۇپ شان – زەپەر،
شۇڭقاردەك كۆككە ئۆرلە، چارباغ.

1993 - يىل، دېكابىر.

## سەن يەكەننىڭ بىر ياقۇت كۆزى

يەكىنىمنىڭ گۈزەل بازىرى،
شادلىنىمەن تىكسەم ساڭا كۆز.
تەرىپىڭنى قاتسام قوشاققا،
ئازلىق قىلار تۈمەن شېرىن سۆز.



سەن قەدىمىي بۈيۈك ئاستانە،
يىپەك يولى تۇتاشقان ساڭا.
سانسىز كارۋان يولۇڭدىن ئۆتكەن،
شانلىق تارىخ شاھىتتۇر ئاڭا.

بۆشۈكى سەن ھۈنەر – سەنئەتنىڭ،
مۆجىزىلەر سەندە يارالغان.
ئىجاد بولۇپ ئون ئىككى مۇقام،
كەڭ جاھانغا سەندىن تارالغان.

قوينۇڭ تولدى نازۇ – نېمەتكە،
رەستىلىرىڭ ئاۋاتلاشتى بەك.
قىز – يىگىتلەر چېھرىدە كۈلكە،
يايرىماقتا شادلىقتىن يۈرەك.

گۈللىنىمەكتە قۇچىقىڭ ئەجەب،
جۇشقۇن، قايناق سەندىكى ھايات.
ئاتلاندىڭسەن يېڭى مەنزىلگە،
شۇڭقار كەبى قېقىپ پەر – قانات.

«خېزىر» نەزەر سالغانمۇ ساڭا،
باغرىڭ گويا جەننەتنىڭ ئۆزى.
بولسا يەكەن بىر «ئالتۇن ئۈزۈك»،
سەن ئۇنىڭكى بىر ياقۇت كۆزى.

1994 - يىل، ئاپرېل.

# رۇبائىيلار ۋە پارچىلار

ۋەتەن مەن ئۈچۈن تەڭداشسىز ئۇلۇغ،
دىلىمدا ئاڭا ئەقىدەم تولۇق.
ۋەتەن باھاردەك ئىللىتقان مېنى،
ۋەتەن كۆزۈمگە بەرگەن نۇر - يورۇق

× × ×

بىلسە ئەگەر كىم ۋەتەن قەدرىنى،
ۋەتەن يولىدا تىكەر جېنىنى.
پىداكار مەردنى ئۇنتۇمايدۇ ئەل،
گۈلگە ئورايدۇ قەبرە تېشىنى.

× × ×

سىياقى ئادەمدەك بولسىمۇ، لېكىن،
ھەقىقەت سۆيمىسە ئادەم دېمىگىن.
«ۋەتەن» دەپ سوقمىسا ئەگەر يۈرىكى،
«مەن ئادەم» دېگىنى ئۇنىڭ بىر تىمىن.



× × ×

پەرزەنتى ئۈچۈن پەرۋانە ئانا،
چېكەر ھامانە شۇ يولدا جاپا.
ۋايىسماس ھەرگىز قىلغان ئەجرىگە،
جىسمى كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ ھەتتا.

× × ×

«ئانا» دېگەن نام ئۇلۇغ - مۇقەددەس،
ئانا كەلگەندە شاھمۇ تۇرار دەس.
ئانانى يۈدۈپ بارساڭ مەككىگە،
يەنە سېنىڭكى قەرزىڭ تۈگىمەس.

× × ×

گۆھەر تۈيۈلار كىتاب داناغا،
ھەر قۇرى تولغاچ چوڭقۇر مەنەغا.
يول كۆرسىتەر ئۇ خۇددى مايايكتەك،
نىشانىدىن ئازغان دىلى «ئەما» غا.

× × ×

كىتابتىن ئالغىن بىلىم ۋە ئەقىل،
ھەممىگە قادىر ئادەم بول-يېتىل.

بىلمىسىز قالساڭ، ئاشالماي داۋان،
خەلقىڭ ئالدىدا بولۇرسەن خىجىل.

× × ×

كىتابتۇر بۇلاق، سۇ ئىچەر ھايات،
ئۇ بېرەر بىلىم، ئۇچۇشقا قانات.
ئالساڭ كىتابتىن مەنىۋى ئوزۇق،
يېتىسەن چوقۇم مەنزىلىڭگە پات.

× × ×

ۋاقىتنى جەزمەن ئالغىن ئىلكىڭگە،
خىزمەت قىل مەڭگۈ ۋەتەن - خەلقىڭگە،
بىر كۈنى ھەسرەت چېكىپ قالارسەن،
ئەگەر ئىشەنسەڭ مالۇ - مۈلكىڭگە.

× × ×

ھەر دەقىقەڭنى مەنىلىك ئۆتكۈز،
كېچىكتۈرمەي ئىشىڭنى پۈتكۈز.
ئېچىلدۇرۇپ سەن ئەجرىڭدىن چېچەك،
ئەلگە مېۋە بەر، ئەلگە نەپ يەتكۈز.



× × ×

ئىنسانلار ئىچىدە مۇئەللىم ئۇلۇغ،
ئاڭا يار ئالەمچە شەرەپ ۋە ئۇتۇق.
بىلىمنەر ئۇنىڭغا دەرس مۇنبىرى،
ئالتۇندىن ياسالغان تەختتىن ئارتۇق.

× × ×

مۇئەللىم ئەقلىمگە قوشۇپ مول ئەقىل،
ئىلگىرىلەش يولۇمغا بولدى ئۇ كېپىل.
دېدى ئۇ: «يىراق بول تەكەببۇرلۇقتىن،
ئەل بىلەن سەن مەڭگۈ بول ئىناق - ئىجىل».

× × ×

ئالىم قەدىرلىك ئەزەلدىن بېرى،
مۈشكۈلنى ئاسان قىلار تەدبىرى.
كۆز سال، ئېچىلدى، ئېچىلار ھامان،
ئالەملار بىلەن ئالەمنىڭ سىرى.

× × ×

ئالىم ئىجادكار، ئالىم تۆھپىكار،
ئىجاد يولىدا ئۇدۇر پىداكار.

قىلىپ تەپەككۇر، چوڭقۇر خىيالغا،
ئىزدىنىپ ھەردەم تۇرمايدۇ بىكار.

× × ×

ئەر – خوتۇن ئىناق بولغىنى ياخشى،
كۆڭلى سۆيگۈگە تولغىنى ياخشى.
جېدەل چىقىرىپ سەتلىشىپ يۈرمەي،
بىر – بىرىگە يول قويغىنى ياخشى.

× × ×

مۇھەببەت بىلەن مەۋجۇت بۇ ئالەم،
مۇھەببەت بىلەن مەۋجۇت ھەم ئادەم.
بولمىسا ئەگەر سۆيگۈ – مۇھەببەت،
بۇ كەڭ ئالەمنى قاپلايتتى ماتەم.

× × ×

چىن مۇھەببەتنىڭ كۈچى تەڭداشسىز،
بولماس ھاياتتا لەززەت ئۇنىڭسىز.
مۇھەببەتكە جان پىدا ئەيلىگەن،
جانان ۋەسلىگە يېتىدۇ شەكسىز.



مۇھەببەت ئوتى ئۆچمەيدۇ پەقەت،
دىلدا يالقۇنلاپ تۇرار تائەبەد.
قېرىسىمۇ گەر ئادەم ۋە لېكىن،
قېرىماس ئەسلا سۆيگۈ – مۇھەببەت.

× × ×

نادانلىق شۇمبۇيا يىلتىزىنى كەس،
ئۇ گەر باش كۆتۈرسە باسار ئەلنى نەس.
ئۆتمۈشتىن، بۈگۈندىن ئېلىپ قوش ساۋاق،
ئۆگەنگەن مۇرادقا يېتەر، ئۆكۈنمەس.

× × ×

مىسقا ھەل بەرسەڭمۇ ئالتۇن بولالماس،
كۈلگە يەل بەرسەڭمۇ يالقۇن بولالماس.
مىس ھامان مىس ئىرۇر، ئەسلى ئۆزگەرمەس،
چىلاپچى بولماقلىق ئۇنىڭغا مىراس.

× × ×

دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىپ ياشىغىن،
دوستلارنى ئىززەتلەپ تۆرگە باشلىغىن.

يانجىلسۇن دۈشمەننىڭ ئاياغ ئاستىڭدا،
ھەر سەھەر دوست ئىزدەپ قەدەم تاشلىغىن.

× × ×

كۆڭلۈڭگە ئارام بەرمەيدۇ گۇمان،
قەلبىڭ كۆكدە بولۇپ ئۇ تۇمان.
گۇمانخورلۇقتىن بولمىساڭ خالى،
ساڭا قەپەستەك تۇيۇلار جاھان.

× × ×

ھەر كويغا سالىدۇ پۇل دېگەن نەرسە،
جانانىمۇ ئالدىنار ئەگەر پۇل بەرسە.
پۇل ئاخىر جېنىڭغا بولىدۇ زامىن،
ھالالدىن كەلمەي ئۇ ھارامدىن كەلسە.

× × ×

ئەخلاقسىز كىشىدۇر ھايۋاننىڭ ئۆزى،
گويا ئۇ لەنىتى شەيتاننىڭ ئۆزى.
يول قويساق ئۇنىڭغا قۇلاق يوپۇرۇپ،
قويۇلۇپ كەتمەمدۇ ۋىجداننىڭ كۆزى.



× × ×

ھەق ـ ئادالەتنىڭ مىزانى قانۇن،
پۇقرالارنىڭ كۈچ ـ دەرمانى قانۇن؛
ئادالەت سۆيگەن ھەر بىر ئادەمنىڭ
دىلدىكى ئارزۇ ـ ئارمانى قانۇن.

× × ×

قۇشلىساڭ ئۇچىدىغان قۇش ئەمەسمەن،
تاۋلاندىم كۈرەشلەردە بوش ئەمەسمەن.
ئۆتمەن تەرىم تۆكۈپ ئاق ئېگىزغا،
ئەجىرسىز كەلگەن نەپتىن خۇش ئەمەسمەن.

× × ×

ئۆي كۆچسەڭ تاللىغىن قوشنىڭنى ئاۋۋال،
ۋاپادار قوشنىلار تۇغقاندىن ئەۋزەل.
قوشناڭ تىنچ ئەمەسكى سەنمۇ بىئارام،
بىلمىسەن ئارىدىن ئۆتسە بىر مەھەل.

× × ×

قوغۇن بىلەن تەڭ ئۈنەر شۇمبۇيا،
ئۇرۇقنى بىللە سالغاندەك گويا.

كۆشەندىسى بار ھەر بىر جانىدارنىڭ،
بولسىمۇ دانىش ياكى ئەۋلىيا.

× × ×

دېدىك: ھەر ئىشقا يېتەر قۇربىتىم،
چاپتۇرسام تاغقا چىقىدۇ ئېتىم.
مەن دەيمەن: شۇنداق ماختىنىۋەرسەڭ،
ئەلدىن ئايرىلىپ قالىسەن يېتىم.

× × ×

ھەر قانچە كۈلپەتلەر چۈشسىمۇ باشقا،
ئەلەمدىن كۆزلىرىڭ تولسىمۇ ياشقا؛
نامەردكە داتلىما، داتلىساڭ ئەگەر
بولىسەن ئۇرغاندەك گۆھەرنى تاشقا.

× × ×

كەمتەرلىك ياخشى ئەزەلدىن بېرى،
بولغىن ھەر قاچان كىبىردىن نېرى.
شاھ بولساڭمۇ گەر بولما تەكەببۇر،
قەلبىڭگە ئۇنىڭ يۇقمىسۇن كىرى.



× × ×

تەن سالامەتلىك ئىنسانغا گۈلتاج،
سالامەتسەن تاپارسەن راۋاج.
بىتاپ بولۇپ ياتساڭ مۇبادا،
قىلالمايسەن ھېچ ئىشقا ئىلاج.

× × ×

ئىنسابلىق بولساڭ «خىزىر» بولۇر يار،
ئىنسابىتىن چىقساڭ يولۇڭ بولۇر تار.
ئاجىزلارغا قىل خەيرى - ساخاۋەت،
ئۆمرۈڭدە ئەگەر بولماي دېسەڭ خار.

× × ×

ئېسىڭدىن چىقمىسۇن ئىنساب دېگەن سۆز،
قىلمىغىن دوستۇڭغا پۇلۇڭنى كۆز - كۆز.
ساخاۋەت قولۇڭنى سوز دوستلار ئۈچۈن،
تېپىلۇر پۇل، ئەمما تېپىلمايدۇ يۈز.

× × ×

بەزىلەر ھوقۇقنى قىلىدۇ دەستەك،
نەپ ئېلىش كويىدا يۈرىدۇ مەستەك.

ئۇنداقلار بىھۇدە قاقشاتسا ئەلنى،
ئاقىۋەت يۈزىگە تېگىدۇ تەستەك.

× × ×

تەكرارلاۋەرسەك بىر دېگەن گەپنى،
ئۆزۈڭدىن بىزار قىلىسەن خەقنى.
تەمى بولمايدۇ چاينىغان نانىنىڭ،
چايناپ يېيىشكە بەرگىن پۇرسەتنى.

× × ×

بەزىلەر دائىم سۆزلەپ يالغاننى،
نەپ ئالۇر ئالداپ كۆر مىڭ ناداننى.
يەر يۇتسا دەيمەن غەزىپىم قايناپ:
كۆز بوياپ ئەلگە زىيان سالغاننى.

× × ×

ۋىجدانلىق ياشا، يالىما تاپان،
ھايات يولىدا ئەجرىڭگە تايان.
ئەلنى دەپ ساڭا يەتسە مالاللىق،
قاقاقلاپ كۈلگىن، يېمە پۇشايمان.



× × ×

بەزىلەر ئىش تۇتار پايدىغا بېقىپ،
ئازدۇرماق بولىدۇ دولىغا قېقىپ.
ئىشەنمە ئۇلارنىڭ ماختاشلىرىغا،
قالىمۇ ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭگە يېقىپ.

× × ×

ئادەم ئاجايىپ مۇرەككەپ شەيئى،
ئۆزگىرىپ تۇرار سىرتى — پىكرى.
ئادەمسەن، تونۇ ئادەمنى ئاۋۋال،
تونۇيالمىساڭ قاقشىتار مىكرى.

× × ×

بولسا يارامىلىق ئوغۇل ۋە قىزىڭ،
پەخىرلەن، شادلان ئۇدۇر يىلتىزىڭ.
ھېچكىمگە باقىي ئەمەس بۇ جاھان،
كەتسەڭ ئالەمدىن ئۆچمەيدۇ ئىزىڭ.

× × ×

ئىشچانغا ھايات ئاچار كەڭ قويۇن،
ئەل ئۈچۈن ئىشلە، بولمىغىن ھورۇن.

ئۆلمەيمەن دېسەڭ ئەۋلاد قەلبىدە،
قالدۇر ياخشى نام ئۆلۈشتىن بۇرۇن.

× × ×

مەرد بىلەن نامەردنى ئۆلچەيدۇ ۋىجدان.
مەردانە ئاتىلار ۋىجدانلىق ئىنسان.
نامەردلەر ۋىجداننى قىلىپ دەپسەندە،
لالما ئىت تىمسالى بېرەر ئاخىر جان.

× × ×

نامەردكە كەڭ قويۇن ئاچمايدۇ تۇپراق.
ئەرۋاھى دىللاردىن قوغلىنار ھەر ۋاخ.
نەپرەت ۋە لەنەتتىن ياسىلىپ قەبرە،
ئۈنمەيدۇ ئەبەدىي ھەتتاكى قامغاق.

× × ×

نامەردكە دوست بولما. ئۇ بەك ھىيلىگەر،
ئەگەشسەڭ يالىسى ساڭىمۇ تېگەر.
ئادىشىپ مۇبادا قالساڭ يان بېسىپ،
قوشناڭمۇ يامانلاپ سېنىڭدىن كېچەر.

× × ×

ئىنتىلىسەڭ چىنىلەيسەن، يۈرمىگىن بىكار.
تەييارغا ھېچقاچان بولمىغىن ھەييار.



پىراۋىنىڭ گۈلىگە قول سوزساڭ ئەگەر،
سانجىلىپ تىكىنى قاقشىتار زار - زار.

× × ×

بەزىلەر ماختىنار ئەمىلىم چوڭ دەپ،
بەرمەيدۇ كۆرەڭلەپ ھېچ كىشىگە گەپ.
بىكاردىن كەلگەن مۈز، چوغىنىمۇ يەيدۇ،
ۋە لېكىن ئۆزىگە بەرمەس قىلچە نەپ.

× × ×

ئادەمنىڭ دوستى بار ھەم دۈشمىنى بار،
كۆڭلۈڭنى دوستقا كەڭ، دۈشمەنگە قىل تار.
ئالدانساڭ رەقىبكە، ئازدۇرۇپ يولدىن
قىلىدۇ ئۇ سېنى ئىت، مۈشۈكتىن خار.

× × ×

ئۇقسانلىرىڭدىن ئېلىپ تۇر ساۋاق،
خىسلىتىڭدىن كۆل ئېچىلدۇر ھەر ۋاق.
قىلىپ پەسكەشلىك شۆھرەت تاپقۇچە،
ئالەمدىن نامسىز ئۆتكەن ياخشىراق.

× ×

ھەق سۆز بەزىدە ئاڭلىنار قوپال،
يالغان سۆز يېقىپ قالار ئېھتىمال.
ئاچچىق بولسىمۇ ياخشىدۇر مېغىز،
مېغىز ئورنىنى باسالماس شاكال.

× ×

قانچىلاپ تۆھمەت كەلسىمۇ باشقا،
ئەلەمدىن كۆزۈڭ تولسىمۇ ياشقا.
بېرسەن چوقۇم ئاڭا بەرداشلىق.
ئايلاندۇرساڭ گەر يۈرەكنى تاشقا.

× ×

باش كۆتۈرگەندە لەنىتى تۆھمەت،
قالار كۆمۈلۈپ كۈرمىڭ ھەقىقەت.



تۆھمەت ئاقىۋەت تاپىدۇ زاۋال،
ھەقىقەت ئۆلمەس ئەبەدىلئەبەد.

× × ×

داۋاندىن چۈشمىگىن، بىل، ھېچگەپ ئەمەس،
يىقىلساڭ ئورنىڭدىن ئورغۇشلىسەن، بەس.
ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشسەڭ بۇرادەر،
ھاياتتا ئۆمۈرۋات باسقاي سېنى نەس.

× × ×

ياخشىنى دوست تۇتقىن يامانىدىن قېچىپ،
ياخشىغا خىزمەت قىل جېنىڭدىن كېچىپ.
ياخشىلار ھەر جايدا مەددەتكار ساڭا،
تۇسقۇننى پاچاقلاپ ماڭغىن يول ئېچىپ.

× × ×

بەزىلەر گەپ ساتار دوستلۇق ھەققىدە،
—نېمە بار بىلمەك تەس ئۇنىڭ قەلبىدە.
ئاقىۋەت قاپقانغا دەسسىتەر سېنى،
سۆزىگە ئىشىنىپ قىلساڭ ئەقىدە.

× × ×

ئەل بىلەن ئىتتىپاق ئۆتكەيسەن ئامان.
ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىل پىدا قىلىپ جان.
ئەل بىلەن كۆكلەيسەن خۇددى چىناردەك،
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بەك يامان.

1991 — 1993 - يىللار، بەكەن.

本诗集选录作者近年来创作的，反映生活各方面的一部分佳作。

# 但愿别着邪

（诗集）

作者：阿布都色买提·阿里力
责任编辑：图尔迪·库尔班·亚米古尔
责任校对：阿依夏木·阿布都吾力

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 3.5印张 2插页
1995年7月第1版 1995年9月1次印刷
印数：1—4070

ISBN7—5373—0500—5/I·124（民文）

定价：2.50元